بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني


## 中国穆斯林

2001

يىللىق توپلام

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

www.uyghurkitap.com




# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# 中国穆斯林

# المسلم الصيني

1
2001

مجلة اسلامية ثقافية علمية جامعة




2000-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
پايتەختتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.
(مالىچياڭ تارتقان)




زىياپەتكە مەركەز ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن دۆلەت ئىشلىرى
كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق رەھبەرلەر قاتنىشىپ،
ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن سەممىي ھال سورىدى.
(مالىچياڭ تارتقان)




2001-يىللىق جۇڭگو ھەج ئۆمىكى جۇڭگو ھەج خىزمىتى
باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شەمشىدىن ھاجىنىڭ
يېتەكچىلىكىدە پايتەخت ئايرودرومىدىن يولغا چىقتى.
(مىن چاڭ تارتقان)




2001-يىللىق ھەج ئۆمىكى ھەج سەپىرىگە چىقىش ئالدىدا،
سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى
مۇھەممەد بىشىر قاتارلىقلار پايتەخت ئايرودرومىغا چىقىپ،
جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنى ئۇزىتىپ قويدى. (لىۇ شۇشياڭ تارتقان)



2000-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىگە
ئىپتارلىق بەردى. (سۈرەتنى سالىھ تەمىنلىگەن)



پاكىستان زۇڭتۇڭى مۇھەممەد رەفىق تالار پاكىستاندا
ئۆتكۈزۈلگەن خەتتاتلىق مۇسابىقىسىگە قاتناشقان يۈسۈف چېن
جىنخۇي(1-رەت، سولدىن2-كىشى)، سالىھ لى ۋېنسەي(1-رەت،
ئوڭدىن 3-كىشى) بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.
(سۈرەتنى سالىھ تەمىنلىگەن)

## ھەدىس شەرىپتىن

# گۈزەل ئەخلاق- ھايا توغرىسىدا

* ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئىمان جەننەتكە مەنسۇپتۇر، ئەدەپسىز سۆز قوپاللىقتۇر، قوپاللىق دوزاخقا مەنسۇپتۇر.
(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

* ھايا بەندە ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.
(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

*ھەر قانداق نەرسىدە ھاياسىزلىق بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرىدۇ. ھەر قانداق نەرسىدە ھايا بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.
(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەكرەك ھايالىق ئىدى.
(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناچار سۆز، ناچار ئىشلاردىن يىراق ئىدى، ئۇ مۇنداق دەيتتى: '' ئىچىڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلاردۇر''.
(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

* پايدىسىز، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق مۇسۇلمانچىلىقنىڭ گۈزەللىكىدىندۇر.
(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

* كىشىلەرگە چىرايلىق خۇلق ئاساسىدا مۇئامىلە قىلغىن.
(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

* مۆمىننىڭ (قىيامەت كۈنى نامەئەماللار تارتىلىدىغان) تارازىسىدا چىرايلىق خۇلقتىن ئېغىر كېلىدىغان نەرسە يوق.
(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)

* مۆمىن ئادەم كىشىلەرگە تىل تەگكۈزمەيدۇ، كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، يامان سۆز قىلمايدۇ ۋە سۆرەن سالمايدۇ.
(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

* كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇمىغان، يامان ئىشلاردىن توسمىغان ئادەملەر بىزگە مەنسۇپ ئەمەس.
(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

* چېلىشقاندا يەڭگەن ئادەم نوچى ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان ئادەم ھەقىقىي نوچىدۇر.
(ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان)

# مۇندەرىجە

المسلم الصيني


## ئالاھىدە خەۋەرلەر

رەئىس لى رۇيخۇەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى...... (4)

پايتەختتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى روزا ھېيتىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ........... (ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى) (5)

يېڭى ئەسىردە يېڭىچە قەدەم باسايلى............. ......

........... «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (8)

## «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى_«قۇرئان كەرىم» نىڭ تىلى، تەلەپپۇزى ۋە قىرائەت قىلىنىشى..............

.................... ھاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇڭ (16)

سۈرە «فاتىھە»نىڭ مەزمۇن ۋە ئەدەبىيلىك جەھەتتىكى تەڭداشسىزلىقى ...................... رىشىت ئاخۇن (37)

## ۋەز-تەبلىغ

جىھاد دېگەن نېمە؟ جىھادنى قانداق چۈشەنگەندە توغرا بولىدۇ؟.................. ئابدۇۋەھاب سۇڭ ئېنلىن (42)

## ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى


سالامنىڭ ھېكمىتى، پەزىلىتى ۋە ئەدەب-قائىدىلىرى...

.................................. تاھىرجان ھاجى ياقۇپ (49)

## مەسچىت-مەدرىسلەر

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى

___ قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ 20-ئەسىردىكى زور رېمونت قۇرۇلۇشى تاماملاندى...... ھۇسەنجان تۇرسۇن (51)


جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)

(ئومۇمىي 58-سان 总第 58 期)

2001-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى

نەشردىن چىقتى

باش مۇھەررىر:

شەمشىدىن ھاجى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

بارات رەجەپ

تېخنىكا تەھرىرى:

ئەنۋەر مۇھەممەد

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:

شەمشىنۇر ھوشۇر

主编: 夏米西丁哈吉

副主编: 巴拉提·热吉甫

技术编辑: 安瓦尔·穆罕默德

封面设计: 夏美希努尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836

دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

CHINA MUSLIM

## ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

دۇنيا تىرىكچىلىكىنى توغرا يولدا قىلايلى ........................ ئوسمانجان جۇمە (58)

## ئىسلام ئاسارە-ئەتىقىلىرى

قەيس خوجام مازىرى ........... ھاجى يۇنۇس سادىق (61)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىگە ئىپتارلىق بەردى ................ ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى (7)

تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ........................ شاھمەردان ئىمىننىياز (15)

چاقىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-قېتىملىق ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى............ ياسىنجان غوجىئەخمەت (15)

چەرچەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى چەرچەن-ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق تاشيولىغا 15 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى ........................ مۇسا روزى (57)

قارا شەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى........ ئوسمان تۇرسۇن (62)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىگە تەشەككۈر ........................ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (36)

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ 2001-يىللىق شىنجاڭ تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىزامنامىسى........................ (63)

***مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: مەككە مۇكەررەمەنىڭ ھەرەم مەسچىتىدىكى ھەج پائالىيىتى*** *(سۈرەتنى ھاجى بەي شۆيى تەمىنلىگەن)*

**2001**
**1**

**باشقۇرغۇچى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
**تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:** «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**باسقۇچى:** مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
**تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:** «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**ئادرېس:** بېيجىڭ شۇەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 100053
**تېل:** 63513181، 83520073 (010)
**شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:** ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېل:** 2566193(0991)

主办： 中国伊斯兰教协会
编辑出版： 《中国穆斯林》维文编辑部
印刷： 中国民族大学印刷厂
发行订阅： 《中国穆斯林》维文编辑部
地址： 北京宣武区南横西街 103 号
邮编： 100053
电话： (010) 63513181, 83520073
新疆发行站： 乌鲁木齐市延安路 119 号
邮编： 830001 电话：(0991)2566193

# رەئىس لى رۇيخۇەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى

## دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، دىنىي مۇستەقىل ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 2001-يىل 1-ئاينىڭ 18-كۈنى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرىنى جۇڭنەنخەيگە تەكلىپ قىلىپ چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى. لى رۇيخۇەن دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن باش شۇجى جياڭ زېمىن ۋە زۇڭلى جۇ رۇڭجىغا ۋاكالىتەن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنىي زاتلار ۋە كەڭ ئېتىقادچىلاردىن سەمىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن سالام يوللىدى.

لى رۇيخۇەن مۇنداق دېدى: " ئۆتكەنكى بىر يىل، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى زور دەرىجىدە يۈكسەلگەن بىر يىل بولدى، شۇنداقلا دىنىي ئىشلار خىزمىتى كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن بىر يىل بولدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. كەڭ دىنىي زاتلار ۋە دىن ئېتىقادچىلىرىمۇ ۋەتەننى، دىنىنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش، مۇقىم-ئىناق ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى ئاسراش يولىدا ئاكتىپلىق بىلەن تۆھپە قوشتى. ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن سەمىمىي ھەمكارلىشىپ، يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ يىل يېڭى ئەسىرنىڭ تۇنجى يىلى، شۇنداقلا 10-بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۇنجى يىلى بولۇپ، دىنىي ئىشلار خىزمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشتە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لېنىن دىنىي مەسىلىگە قارىتا 'ئالاھىدە سالماق بولۇش'، 'ئىنتايىن ئېنچىكە بولۇش' ۋە 'ئەتراپلىق ئويلىنىش' لازىملىقىنى ئېيتقانىدى. بۇ يەردە ئىككى ماددىنى: بىرى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، يەنە بىرى، دىنىي ئىشلارنى مۇستەقىل ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ ئىككى ماددا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن. دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەكىتلەشنىڭ سەۋەبى شۇكى، دىن ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان بىر خىل ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشتىكى تونۇش مەنبەسى ۋە ئىجتىمائىي مەنبەسى بار، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بار، بىزنىڭ تۈپ ئاساسىي مەقسىتىمىز پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، بىزنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىمىز كەڭ ئاممىنىڭ تۈپ ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە قوغداش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ھوقۇقلار نۇرغۇن تەرەپلەردە گەۋدىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئەركىن تاللاش ھوقۇقىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ-ئەلۋەتتە! دىنىي ئىشلارنى مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەشنىڭ سەۋەبى شۇكى، تارىختا مۇستەملىكىچىلەر ۋە جاھانگىرلار كاتولىك دىنى ۋە خىرىستىئان دىنىنى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش قورالى قىلغان، جۇڭگو كاتولىك دىنى جەمئىيىتى بىلەن خىرىستىئان دىنى جەمئىيىتى چەتئەل كۈچلىرىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنى ئېغىر بالايى ئاپەتلەرگە دۇچار

كىتاب تورى بەتلىكى uyghurkitap.com

قىلغان؛ ۋەتەننى سۆيىدىغان دىنىي ئېتىقادچىلار ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمىغۇچىلارنى ھېچقايسىسى بۇ تارىخىي پاجىئەنىڭ قايتا يېشىغا كېلىشىنى كۈتمەيدۇ، جۇڭگودىكى دىنلارنىڭ ‹ ئەجنەبىي دىن› دېگەن قالپاقنى قايتىدىن كىيىشىنى خالىمايدۇ. بۇ ئىككى پرىنسىپ پىشقەدەم رەھبەرلەر جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش، تارىخىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلاش ئاساسىدا چىقارغان ئىلمىي يەكۈن بولۇپ، تۈپ خاراكتېرلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچى فاكتېن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دىنىي ئىشلار خىزمىتىدە موشۇ ئىككى پرىنسىپتا چىڭ تۇرغاندىلا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرگىلى، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ھەقىقىي قوغدىغىلى، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ". لى رۇيخۇەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ كەم-كۈتىسىز، ئىزچىل تۇردە موشۇ ئىككى پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىپ، يېڭى ئەسىردىكى دىن ئىشلىرى خىزمىتىنى مەركىزىي ۋەزىپىنى چۆرىدەپ، ئومۇمىيلىقنى خىزمەت قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ ئاكتىپ رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگولار سۆھبەت يىغىنىدا بىللە بولدى. سۆھبەتكە مەملىكەتلىك بەش چوڭ دىنىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقلىرى، جۈملىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى لىۋ يەندۇڭ، لى دېجۇ، جۇ ۋېيچۈن، شۈي شياۋشى، يې شاۋۋېن قاتارلىقلارمۇ سۆھبەتكە قاتناشتى.

## پايتەختتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى روزا ھېيتنى قىزغىن كۈتۈۋالدى

### ___دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىقلار مەركەز ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن زىياپەتكە قاتنىشىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئاممىسىدىن سەمىمىي ھال سورىدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 2000-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭ شيۈەن مېھمانخانىسىنىڭ زىياپەت زالىدا داغدۇغىلىق زىياپەت بېرىپ، پايتەختتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىللە روزا ھېيتنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مەركەز ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگو زىياپەتكە قاتناشتى. زىياپەتكە يەنە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مو بېنلى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لوڭ شېنمىن،مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جۇ شاۋمىڭ، 2-ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ رۇڭجۈن، بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى باۋچۈن، مەركەز ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئاخۇنلار ۋەكىلى، پايتەختتىكى مۇسۇلمانلار ۋەكىلى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپلار ۋەكىلى بولۇپ 80 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.زىياپەتكە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي رىياسەتچىلىك قىلىپ قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:" رامىزان ئېيى__خەيرلىك، قۇتلۇق ۋە قەدىرلىك بىر ئاي، بۇ ئايدا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم» نى نازىل قىلىپ، ئىنسانلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ بەرگەن، بۇ ئايدا مۇسۇلمانلار چىن ئىخلاسى ۋە

تەقۋادارلىقى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پەرزلىرىنى سەممىي ئادا قىلىدۇ، ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىنى تىزگىنلەپ، قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ؛ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ئويلايدۇ؛ نىيەت-ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ؛ نىزا-ئىختىلاپلارنى ساقىت قىلىدۇ؛ تەقۋادارلىق ئارقىلىق ئىمانىنى چىڭىتىدۇ؛ سەۋر-تاقەت ئارقىلىق روھىي كەيپىياتىنى ساغلاملاشتۇرىدۇ، تىنچ-ئامانلىق ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى تىلەيدۇ، بىز مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، غەربىي رايوننى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك ھەسسىمىزنى قوشۇشىمىز كېرەك‘‘ دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد مەركەز ۋە گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن زىياپەتتە مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ’’ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار موشۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى روزا ھېيتىنى ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە، مەن مەركەز ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھاۋالىسى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى دوستلاردىن، بېيجىڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن، سىلەر ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن چىن دىلىمدىن سەممىي ھال سورايمەن! پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەزەلدىنلا مىللەتلەر-دىن ئىشلىرىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈپ، توغرا بولغان مىللەتلەر-دىن سىياسىتىنى ۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ كەلدى. دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ قانداق ئۆزگىرىشىدىن قەتئىينەزەر، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى مۇھىم بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىپ، ھەر ساھە ئىشلىرى گۈللەپ ياشناقتا. مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن، بولۇپمۇ غەربىي رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تارىختا كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. كەڭ خەلق ئاممىسى بۇ ياخشى ۋەزىيەتنى قەدىرلىشى، ئۇنى ئاسرىشى، مۇستەھكەملىشى، تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم‘‘.

ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ’’ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، رىقابەتكە يۈزلىنىپ، 21-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە كۈرەش نىشانى. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا، بۈيۈك بىرلىككە تايىنىش كېرەك. مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ خىزمەت يىغىنىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن يەنىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر-دىن سىياسىتىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. بىز چوقۇم بۇ يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، خەلق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشىنى سۈرۈشىمىز كېرەك؛ پارتىيە بىلەن دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتلەندۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلىشىمىز لازىم. دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن، قائىدە-نىزام ۋە فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە ئەمەل قىلىشى، دىنىي پائالىيەتلەر دۆلەتنىڭ بۆيۈك مەنپەئەتىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشى؛ دىنىي زاتلار ئىرشچانلىق بىلەن دىندىكى ئاكتىپ ئامىللارنى قېزىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشى لازىم. دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئەمگەكچان، باتۇر خەلق. ئۇلار ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىياتى، دۆلەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. يېڭى ئەسىردە 10- بەش يىللىق پىلان ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 3- قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش يۈرگۈزۈلۈۋاتقان پەيتتە، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

---

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرىگە ئىپتارلىق بەردى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 2000-يىل 11-ئاينىڭ 18 كۈنىدىن 2000-يىلى 12-ئاينىڭ 27 كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئىسلام دىنىنىڭ مۇبارەك رامىزان ئېيى بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2000-يىل 12-ئاينىڭ 14-كۈنى بېيجىڭ خەلقئارالىق مېھمانخانىسىنىڭ زىياپەت زالىدا ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، جەمئىيىتىمىزنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ، 70 نەچچە كىشىگە ئىپتارلىق بەردى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئەلى لىيۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي (قوشۇمچە باش كاتىپ)، مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى؛ مەسلىھەتچىلەردىن مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، نوئمان ماشيەن، ئابدۇرېھىم ئىمىن، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن؛ جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، بارات رەجەپ قاتارلىقلار ئىپتارغا كەلگەن مېھمانلار بىلەن سەمىمىي سۆھبەتتە بولدى. پائالىيەت داۋامىدا جەمئىيىتىمىزنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگوغا كەلگەن مىسىرلىق قىرائەتچى قىرائەت قىلدى.

رامىزان مەزگىلىدە ھىندونېزىيە، مالايسىيا، ئىران، پاكىستان، ئومان، بەھرەيىن قاتارلىق ئىسلام-ئەرەب ئەللىرى ئەلچىخانىلىرىنىڭ باش ئەلچىلىرىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا جەمئىيىتىمىز مەسئۇللىرىنى ئىپتارغا چاقىرغانىدى.

# يېڭى ئەسىردە يېڭىچە قەدەم باسايلى

## — ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەش يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەسلىمە

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ژۇرنىلىمىز مۇشتەرىلىرى، ئاپتورلىرى ۋە ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، قۇربان ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!

يېڭى مىڭ يىل، يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا يىلدىن يىلغا خۇشاللىنارلىق مۇۋاپپەقىيەتلەر بولۇۋاتقان بىر پەيتتە، ژۇرنىلىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەش يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ژۇرنىلىمىزدا يېڭىلىقلارنىڭ بولۇشى ئۈستىدە ئويلانماقتىمىز.

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 1996-يىلى دەل موشۇ چاغلاردا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەنىدى. مەركەزدىكى ئالاقىدار باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك مەزكۇر ژۇرنال ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بۇيانقى بەش يىلدىن بېرى ژۇرنالنىڭ ئاساسىي مەقستى ۋە ۋەزىپىسى بويىچە نەشر قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، مۇشتەرىلىرى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلام دىنى بىلىملىرى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلىملىرىنى تارقىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى، جۈملىدىن ئېسىل مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەت ئەنئەنىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش، ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەت، قائىدە- يوسۇن، رەسمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئىسلامىيەت روھى ئاساسىدىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشقا ئاكتىپ يېتەكلەش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاممىۋىي تەشكىلاتى بولغان ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئويناپ ، مەلۇم تەسىرگە ئىگە بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ قالدى.

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇرچىسى ئەسلىدە كەڭ ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭ تەلەپ-ئارزۇسى، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى ھەم تەستىقلىشى بىلەن، 1957-يىلى تەسىس قىلىنىپ، 11سان چىققاندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئارىلىقتا توختاپ قېلىپ، 1983-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يەنە 26 سان چىققان ھەم ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ۋە ژۇرنال زوقمەنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى( بىر مۇنچە مۇسۇلمانلار بۇ ژۇرنالنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سانلىرىنى تا ھازىرغىچە قەدىرلەپ ساقلاۋاتىدۇ ۋە داۋاملىق ئوقۇۋاتىدۇ)، ئەمما 1990-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن

كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

باشلاپ يەنە، توختاپ قالغانىدى، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك تەلىپىگە ئاساسەن، 1993-يىلى 12-ئايدا ئېچىلغان جۇڭگو ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە، ژۇرنالنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاشقا ھەر تەرەپتىن ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، نەتىجىدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى ھەم ئەينى ۋاقىتتىكى گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى(ھازىرقى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ۋە دۆلەتلىك ئاخبارات-نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلاپ ئەنگە ئېلىشى، شۇنداقلا مەركەز ھەم شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشى بىلەن 1996-يىلدىن باشلاپ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىلا، ئەينى ۋاقىتتىكى گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى مەزكۇر ژۇرنالنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ژۇرنالنىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولى، مەزكۇر ژۇرنالغا مۇشتەرى توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش، مۇناسىۋەتلىك رايونلار ۋە تارماقلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى توغرىسىدا مەخسۇس ئالاقە چۈشۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىمۇ بۇ ئالاقىغا مۇناسىپ ھالدا جايلارغا ئالاقە چۈشۈرۈپ، بۇ ژۇرنالنى ئاكتىپ قوللاش ۋە تارقىتىش ، ئۇنىڭغا مۇشتەرى توپلاش ۋە ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان. شىنجاڭدىكى بىر مۇنچە ۋىلايەت، ئوبلاست ،ناھىيە (شەھەر) لەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارمۇ بۇ ھەقتە مەخسۇس ھۆججەت چىقىرىپ تۆۋەنگە تارقاتقان، شۇنداقلا يەنە شىنجاڭ رايونىدا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىشى ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى يەنە 1996-يىلىنىڭ باشلىرى شىنجاڭدا تارقىتىش پونكىتى قۇرۇش توغرىسىدا مەخسۇس ئالاقە چۈشۈرگەنىدى، بۇ ئالاقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقى ۋە ئۇقتۇرۇشى بويىچە، شىنجاڭ رايونىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى قارمىقىدا ژۇرنالغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، ئۇنى تارقىتىش ۋە ژۇرنال پۇلىنى يىغىشقا مەسئۇل مەخسۇس پونكىت--«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ''شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى'' تەسىس قىلىنغان. ژۇرنىلىمىز قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن چاغدا، دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل ئەھمەد، سەيپىدىن ئەزىزلەر، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار رەھبەرلىرىدىن مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ( ھازىر قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى) لى دېجۇ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رەئىسى سالىھ ئەن شۇۋېي داموللا ھاجى قاتارلىقلار بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ بىزنى ئالاھىدە ئىلھاملاندۇرغانىدى.

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنى چىقىرىش توغرىسىدىكى ئارزۇ-تىلەكلىرى، مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ھەمدە شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشى بىز ئۈچۈن ناھايىتى زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. نەتىجىدە ئادەم كۈچى (نەچچىلا ئادەم)، ماددىي كۈچ كەمچىل بولغان ئەھۋالدا ۋە بەكمۇ ئاددىي خىزمەت شارائىتىدا، ئەلھەمدۇلىللاھ، ژۇرنالنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، 1996-يىل 3-ئاينىڭ 1-

كونى رەسمىي نەشردىن چىقارغانىدۇق. ژۇرنال ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، '' ئاللاھدىن
خەۋەرلەر'' دىن سىرت، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ تەدرىجىي ھالدا'' ئىسلام ئىلمى
تەتقىقاتى''،''«قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى''،'' ئىسلام ئەقىدىلىرى''، '' شەرىئەت تەھلىللىرى''،
''ۋەز-تەبلىغ''، ''ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى''، '' ئالىم-ئۆلىمالار''،''ئىسلام ئاسارە-ئەتىقىلىرى''،''
مەسچىت-مەدرىسلەر(مەسچىت-جامەلەر)''، '' ياش ئالىملىرىمىز'' ، ''ئىسلام بىلىم گۈلزارى''،
'' مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدىن تەرمىلەر''، '' خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر''، '' ئىسلام
دۇنياسى''، '' ئىسلام دىنى ساۋاتلىرى''، '' زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىكلەرگە لەنەت''،
'' ئىسلام مائارىپى''،'' ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار''، '' تەۋسىيە''، '' ئىسلام جەمئىيەتلىرى
پائالىيەتلىرى''، '' دىنىي زاتلىرىمىز مەسئۇلىيىتى''، تۆھپىكار دىنىي زاتلار''، ''ساخاۋەتلىك
مۇسۇلمانلار''، '' خەۋەرلەر''، ''ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى''، '' ئوقۇرمەنلەر
ساداسى''، '' مۇشتەرىلەردىن خەت''، '' ھىجرىيە يىلنامىسى( ئىسلام كالىندارى)''،
''رامىزانلىق جەدۋەل''،'' ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۇر''قاتارلىق سەھىپىلەرنى
ئېچىپ، قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ژۇرنالنى ژۇرنالنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى
بويىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ تەلەپ-ئارزۇسىغا لايىق چىقىرىشقا تىرىشتۇق. بەش يىل ئىچىدە
ژۇرنىلىمىزدا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 160 پارچىدىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك دىنىي ماقالە ھەم
دىنغا دائىر بىلىم ۋە تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى بېرىلدى. بۇ ماقالىلاردىن مۇھەممەد سالىھ
داموللا ھاجىمنىڭ «دۇئانىڭ ئەھمىيىتى ۋە خاسىيەتلىك دۇئالار»(1998-يىللىق 1-،2-، 3-
سانلاردا) «زىكرى( ئاللاھنى ياد ئېتىش)ھەققىدە» (2000-يىللىق 1-ساندا)، «ئىسلام دىنى ۋە
ئىلىم-مەرىپەت» (1996-يىللىق 4-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى؛ شېرىپجان داموللا
ھاجىنىڭ«ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى» (1996-يىللىق 2-ساندا)،«جۈمە نامىزى»
(مۇھتەرەم ھاجى بىلەن بىللە يازغان)، (1998-يىللىق 3-ساندا)قاتارلىق ماقالىلىرى؛شىنجاڭ
ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدەررىسى ئۇستاز شىھابىدىن ئابدۇلئەھەدنىڭ «تەۋھىد ھەققىدە
قىسقىچە چۈشەنچە» (1997-يىللىق 4-ساندا)، «ئىمام بۇخارى ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ھەدىس
كىتابى__<سەھىھۇل بۇخارى> توغرىسىدا» (1998-يىللىق 4-ساندا)، «ئىمان ۋە تەپەككۇر»
(1999-يىللىق 1-ساندا)،«ئىسلام دىنى ۋە نىكاھ» (1999-يىللىق 4-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى؛
شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدەررىسى، دوتسېنت ئۇستاز مۇھتەرەم ھاجىنىڭ «روزا
تۇتۇش» (1996-يىللىق 3-ساندا)، «قۇرئان كەرىم تەتقىقاتىدىكى يېڭى يۈكسىلىش»(1998-
يىللىق 4-ساندا)، «جۈمە نامىزى» (شېرىپجان داموللا ھاجى بىلەن بىللە يازغان، 1998-
يىللىق 3-ساندا)، «زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا ياشلىرىمىزغا
مۇراجىئەت» (1998-يىللىق 2-ساندا)، «ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش» (1999-يىللىق 3-
ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى ۋە 1997- يىللىق 4-ساندىكى «روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى
ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى ھەم شۇ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى رامىزان ئالدىدا نۇرغۇن ئەجىر
بىلەن ھېسابلاپ چىقىپ ۋە ھاۋارايى، ئاسترونومىيە ئورۇنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ
ئىلمىي ئۇسۇلدا بېكىتىپ، ژۇرنىلىمىزدا بېرىۋاتقان «شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا
سوھۇر ۋاقتى ۋە ئىپتار ۋاقتى جەدۋىلى»؛ شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدەررىسى ئۇستاز
قەمەرىدىن ئەھمەدنىڭ « تەجۋىد ئىلمى ۋە <قۇرئان كەرىم>نى ئوقۇش توغرىسىدا» (1998-
يىللىق 4-ساندا)، « <بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم> توغرىسىدا» (2000-يىللىق 1-ساندا)،
«<قۇرئان كەرىم>نى ئوقۇشنى ئۆگىنىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلى ۋە بەزى تەجۋىد ئەھكاملىرى
توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە» ( 2000-يىللىق 2-ساندا)، « ئىسلام دىنى ئەركانلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەخلاقىنىڭ تەكپۇكلۇق مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» (2000-يىللىق 4-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى؛ ئابدۇرېشىت ئەنەيتوللا داموللا ھاجىنىڭ «ھەج پائالىيىتى» (1996-يىللىق 1-ساندا)، «ناماز ئوقۇش قائىدىسى» (1996-يىللىق 4-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى؛ مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا 18-كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇرەھمان ئىسمائىلنىڭ «قۇربانلىق قىلىش ھەققىدە قىسقىچە بايان» (2000-يىللىق 1-ساندا)، «ئىسلام دىنىدىكى ئەمرىمەرۇپ ۋە نەھى مۇنكەر توغرىسىدا» (2000-يىللىق 3-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى؛ بولۇپمۇ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇغان ۋە ئوقۇۋاتقان ياش تالىپلىرىمىزنىڭ دىنىي ماقالىلىرى، جۈملىدىن ئۆمەرجان مۇھەممەدنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى <قۇرئان كەرىم> ۋە ئۇنىڭ رەتلىنىشى» (1997-يىللىق 1-ساندا)، «مۇسۇلمانلار ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشى كېرەك» (1997-يىللىق 2-ساندا)، «ئىسلام دىنى ۋە ئىنسانىي پەزىلەت» (1997-يىللىق 4-ساندا)، «مۇسۇلمانلار پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىشى لازىم» (1998-يىللىق 4-ساندا)، «ئىمان ۋە ئىسلام توغرىسىدا سوئال-جاۋابلار» (1999-يىللىق 4-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى؛ ئابدۇخالىق ئالىمنىڭ « ئىسلام دىنىدىكى بىر قانچە ئەدەپ- ئەخلاق» (1997-يىللىق 3-ساندا) ، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەب-ئەخلاقى» (1997-يىللىق 4-ساندا)، « ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىسلام دىنىمىزدىكى ئورنى» (1999-يىللىق 2-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى؛ شۇنداقلا نەچچە يىلدىن بېرى مۇسۇلمان قىز-ئاياللىرىمىزدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ ئاپتورلار قوشۇنىغا مۇبارەك قەدەملىرىنى باسقان قەمبەرنىسا مۇھەممەد ھاجى، چىمەن نەجمىدىنلارنىڭ «<قۇرئان كەرىم> دىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردىن ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە مۇھاكىمە » (1997-يىللىق 3-ساندا) دېگەن ماقالىسى؛ خەيرىگۈل ئابدوغوپۇرنىڭ « ئىسلام دىنىنىڭ ئىچىملىك-چېكىملىك چەكلىمىلىرى» ( 1998-يىللىق 2-ساندا) دېگەن ماقالىسى؛ نەزىرە مۇھەممەد سالىھنىڭ « <قۇرئان كەرىم>نىڭ نازىل بولۇشى ھەققىدە» (1999-يىللىق 2-ساندا) دېگەن ماقالىسى؛ ئەلانۇر ئەبەيدۇللانىڭ «ئىسلام دىنى باللارنى سۆيەتلىك بېقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ» (1999-يىللىق 1-ساندا) دېگەن ماقالىسى؛ زۇلپىيە ئوسمانىنىڭ«ئارىمىزدىكى بىدئەت ئەمەللەرنى يوقىتايلى» (1999-يىللىق 3-ساندا ) دېگەن ماقالىسى؛ ئارزۇگۈلنىڭ « ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئىززەت-ئېتىبارى توغرىسىدا» (1999-يىللىق 3-ساندا) دېگەن ماقالىسى؛ ھاجى ئاتىكە مىرئەھمەدنىڭ « مەنىۋي قاتىللىقنىڭ رەھىمسىز پاجىئەسى» (2000-يىللىق 4-ساندا) دېگەن ماقالىسى قاتارلىقلار؛ شۇنداقلا جەمئىيىتىمىزدە ۋە مىللىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بەزى ئەھۋاللارنى تۈزىتىش ئارزۇسىدا دىنىي ۋە قانۇني نۇقتىدىن يېزىلغان بىر تۈركۈم ماقالىلار، جۈملىدىن ياقۇپ ھەمدۇللانىڭ «ھارامنى تەرك ئېتىپ ھالال ياشايلى» (1998-يىللىق 4-ساندا) ، « نىكاھ قانۇنىغا ئاگلىق رىئايە قىلىپ، بەختلىك ئائىلە قۇرايلى» (1999-يىللىق 1-ساندا )، «مۇسۇلمانلاردىكى قېرىنداشلىق ۋە ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا» (1999-يىللىق 2-ساندا)، «ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىق ۋە پاكىزلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا» (1999-يىللىق 3-ساندا)، « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» (1999-يىللىق 4-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى؛ ئىسمائىل ياقۇپنىڭ «<قۇرئان كەرىم> نى تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش جايىزمۇ؟» (1997-يىللىق 4-ساندا)، « <قۇرئان كەرىم> ۋە ھەدىس شەرىپ روھىدىن دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم مەرىكىلىرىمىزگە نەزەر» (1998-يىللىق 1-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى؛ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدنىڭ « <قۇرئان كەرىم>دىكى سودا ۋە سودا ئەخلاقىغا دائىر بەزى چۈشەنچىلەر» (1998-يىللىق 1-ساندا)، « <قۇرئان كەرىم>نىڭ ئەدەبىي سېھرىي كۈچى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشچان شەخسلىك بايانلار توغرىسىدا» (1999-يىللىق 1-ساندا) قاتارلىق

ماقالىلىرى؛ ھۆسەنجان تۇرسۇننىڭ « قەدىمكى مەدرىس_ ھازىرقى دىنىي مەكتەپ قەشقەر ساقىيە مەدرىسى» (1996-يىللىق 2-ساندا)، « مىللىتىمىزگە مەسلىھەت» (1999-يىللىق 3-ساندا)، « ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە قىزلىرىغا بىر نەزەر» (1999-يىللىق 4-ساندا)،« تاپقان-تەرگىنىمىزنى توزۇتمايلى»، «ياخشىلىققا يۈزلىنىپ ياشايلى» (2000-يىللىق 4-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى؛ شۇنداقلا تەرجىمە قىلىنغان دىنىي ماقالىلاردىن: مەشھۇر قۇرئانشۇناس پروفېسسور ھاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇڭنىڭ «<قۇرئان كەرىم> بىلىملىرى خەزىنىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ ھازىرغىچە ژۇرنىلىمىزغا بېرىلگەن باپلىرى؛ بولۇپمۇ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاجى ئابدۇۋەھاب سۇڭ ئېلىنىڭ «<ئىجتىھاد> ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل_ شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۇرغۇزۇش پرىنسىپلىرى» (1996-يىللىق 1-ساندا)، « ئىسلام دىنىنىڭ < بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ بىرلىكى> كۆز قارىشى» (1997-يىللىق 3-ساندا)، « ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى ۋە مەنىۋىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى توغرىسىدا» (1997-يىللىق 4-ساندا)، « ئىسلام دىنىدا<قەسەم> توغرىسىدىكى شەرىئەت ھۆكۈمى» (2000-يىللىق 2-ساندا)، « <ساۋاب>نىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەققىدە» (2000-يىللىق 3-ساندا) قاتارلىق ماقالىلىرى ۋە باشقا بىر مۇنچە تەرجىمە دىنىي ماقالىلار كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىي ئەقىدىسى، بىلىمى، چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سۆز-ھەرىكىتى ۋە كىشىلىك مۇئامىلىسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشىدا مەلۇم رول ئوينىدى، مەسىلەن، «ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى» دېگەن ماقالە بىر مۇنچە جايلاردا ئېچىلغان غەسسال ۋە غەسسالەلەر ( مېيىت يۇغۇچى ئەرلەر ۋە ئاياللار) كۇرسىدا دەرسلىك قىلىنىپ، مېيىت يۇيۇش ۋە مېيىت ئۇزىتىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان؛ بەزى جايلاردا بەزى دىنىي رەسمىيەتلەرگە بولغان چۈشەنچىلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىختىلاپ چىقىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەندە (بەزى جايلاردا بۇ خىل ئىختىلاپ ئاددىي ھالدىكى دىنىي ئىختىلاپ بولماستىن، بەلكى بىر ئوبدان ئىناق كېلىۋاتقان مىللىتىمىزنى، خەلقىمىزنى ئىناقسىزلاشتۇرىدىغان، ھەتتا پارچىلايدىغان ئىختىلاپ بولۇپ ئىپادىلەنگەن)، مەسچىتلەردە ژۇرنىلىمىزدىكى ماقالىلارنى ۋەز-تەبلىغ قىلىش ئارقىلىق ئىختىلاپلار ھەل قىلىنىپ مۇسۇلمانلىرىمىز ئىتتىپاقلاشتۇرۇلغان. ھەتتا بىر مۇنچە ئىمام-خاتىپلىرىمىز ژۇرنىلىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك دىنىي ماقالىلارنى ۋەز-تەبلىغ ماتېرىيالى قىلىپ پايدىلانغان.

بەش يىلدىن بېرى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئاپتورلار قوشۇنى تەدرىجىي كۆپىيىپ باردى، ئۆزلۈكسىز دىنىي ماقالە ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بىر قەدەر مۇقىم بىر تۈركۈم پىشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش دىنىي ئۆلىمالىرىمىز ۋە دىن تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن باشقا، ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئىسلام مائارىپى، مۇسۇلمانلار تۇرمۇشى، دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلغار ئىش-ئىزلىرى قاتارلىقلار جەھەتتە ئۆز ۋاقتىدا ماقالە-خەۋەرلەرنى يېزىپ ئەۋەتكۈچىلەرمۇ كۆپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد ئۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. بەش يىل جەريانىدا ياقۇپ ھاجى ئىزچىل تۆردە ئىلگىرى-ئاخىر 70 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە، خەۋەر يېزىپ ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شاھمەردان ئىمىنىياز، بىگتۆەندىن ھەسەنجان قارىي، قورغاستىن ئۆمەر ماقاپ، مورى ناھىيىسىدىن ئابلىمىت قۇربان ھاجى، بوگۇردىن تۇيغۇن ئابدۇرېھىم، خوتەندىن تۇرغۇن ئىمىن، ياقۇن سىراجىئەخمەت، باي ناھىيىسىدىن

ھەسەن ئابدۇۋېلى، ئاتۇشتىن رازىق ھاجى، غالىپجان مۇھەممەد، ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيىسىدىن دايىم داۋۇت، يەكەن ناھىيىسىدىن ئابلا تۇرسۇن، كەلپىن ناھىيىسىدىن سەمەت دالى، يوپۇرغا ناھىيىسىدىن سادىر سابىر، گۇما ناھىيىسىدىن ئابلىمىت مۇھەممەد، مۇھەممەد ھېيت، قومۇلدىن يۇنۇس سادىق، قاغىلىقتىن سىدىق تۇردى، كورلىدىن مۇھەممەد تۇرسۇن، مارالبېشىدىن ئابدۇراخمان ئىسمائىل، ئوسمانجات بارات، ئارزۇگۈل رېشىت، قارامايدىن غېنى تۇرغۇن، كۇچادىن ئابلا مەھمۇت، چىرادىن مۇھەممەد رەھىم ، قارا شەھەردىن ئوسمان تۇرسۇن قاتارلىقلارمۇ جايلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ جايلار ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ژۇرنالدا ئەكس ئەتتۈرۈشىگە، جۈملىدىن بۇ ئارقىلىق ئۇ جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. بۇ خەۋەرچىلىرىمىزگە ئالاھىدە رەھمەت-تەشەككۈر ئېيتىمىز.

ژۇرنىلىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بېرى، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىدىن ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە قوللىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى. ژۇرنال ئەسلىگە كەلگەن دەسلەپكى چاغدىلا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ پەخرىي مۇدىرى، پىشقەدەم ئۆلىما ئابدۇللا داموللا ھاجى ژۇرنالنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەپ يازغان ماقالىسىدا :'' ژۇرنال چىقارماق ئېيتماققا ئاسان، قىلماققا تولىمۇ تەس ئىش، ژۇرنالنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن تۇز-تۆپە، ئەگرى-توقايلىق، تىكەنلىك -گۈلزارلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى بۇ ژۇرنال ئوقۇرمەنلەرگە_كەڭ مۇسۇلمانلار ۋە دىنىي زاتلارغا تايىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كەڭ مۇسۇلمان ئوقۇرمەنلەر پائال مۇشتەرى بولۇشىمىز، ماقالە ئەۋەتىپ تۇرۇشىمىز، بىزنىڭ يۈرەك سادايىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇ تىلچىمىزنى ئورتاق قوللىشىمىز، مەرىپەت بېغىمىزدىكى بۇ بىر تال قىزىل گۈلنى بىرلىكتە پەرۋىش قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بۇ ژۇرنال جۇلالىق سەھىپىلەرگە، سەر خىل مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن كەڭ مۇسۇلمانلار ئامىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈككە، ئىلىم-مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچىدىغان مەنبەگە، شۇنداقلا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئايرىلماس ھەمراھى، مەسلەكدىشى ھەم يېتەكچىسىگە ئايلىنىدۇ''دېگەنىدى، ھەقىقەتەن ژۇرنىلىمىزغا كەڭ مۇسۇلمانلىرىمىز، ئەھلى ئىلىملەر ۋە ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى باشتىن ئاخىر ياخشى ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ كەلدى، ژۇرنىلىمىزنى قىزغىن قوللاپ بىزگە غەيرەت-شىجائەت بېغىشلاپ كەلدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ دىن تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە يازغان خېتىدە:''«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھىممىتى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئۆلىما-ئالىملىرى، تەتقىقاتچىلار ھەمدە پۈتكۈل مۇسۇلمانلار، شۇنىڭدەك ئىسلامشۇناسلار ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات باغچىسى.خەلقئارا ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش سەھنىسى. ئىچكى -تاشقى ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىش، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەشۋىقاتچىسى، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىنىنى سۆيۈشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت، ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مەدەتچىسى''دېگەنىدى. ھەتتا مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئەزھەرىيلەرمۇ

ژۇرنىلىمىزغا خەت يېزىپ:" ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرچىنى چۈشىنىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى بەك سۆيۈندۈردى،مەزكۇر ژۇرنال ئىلگىرىمۇ كەڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدە مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ مەرىپەت بېغىدىكى بۇ بىر تال ئەتىرگۈل ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئۆزىنىڭ خۇشپۇراق ھىدىنى چاچقانىدى، شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار قەلب ساداسىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بۇ بىرتال يەككە-يېگانە ئەتىرگۈلنىڭ قايتا پورەكلەپ ئېچىلىشىغا تەشنا بولۇپ كەلگەنىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن ،گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قوللاپ ۋە شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشى ئارقىسىدا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ھەقىقەتەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق بىر ئىش. بىز ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار قىن -قىنىمىزغا پاتمىغان خۇشاللىق ھېسسىياتىمىز بىلەن بۇ ژۇرنالنى قايتا-قايتا ئوقۇپ چىقتۇق، قانمىدۇق. مەزكۇر ژۇرنال ئۆزىنىڭ كۆمۈش ياپرىقىدەك ئاق، جەلپ قىلارلىق سەھىپىلىرى ئارقىلىق مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەت ئەنئەنىلىرىنى نامايان قىلىش بىلەن تولغان، ھەر خىل ماقالىلار ئۇلۇغ دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىف ھېكمەتلىرىنى شەرھىلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرىدىغان ئىلىم بۇلىقى بولغان...'' دېگەن.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پىشقەدەم مۇئاۋىن رەئىسى ( ھازىرقى مەسلىھەتچىسى)، قىرغىز مىللىتىدىن چىققان ئاتاقلىق ئىسلام ئۆلىماسى 85 ياشلىق ھۈسەيىن ھاجى، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى قازاق بۆلۈمىدىكى زايىمخان شارىپ قىزى قاتارلىق قازاق مۇسۇلمان قېرىنداشلار، «بورتالا گېزىتى» ئىدارىسىدىن مۇھەممەدجان سىدىقى، جېجياڭ ئۆلكىسى چاڭجو شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىن قۇربانجان، قەشقەر شەھىرىدىن بىر خۇيزۇ يولداش ژۇرنىلىمىزغا خەت يېزىپ، يۇقىرى باھا بېرىپ، ژۇرنىلىمىزنى قىزغىن قوللىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ژۇرنالنى تېخىمۇ سۈپەتلىك ۋە مەزمۇنلۇق ئىشلىشىمىزگە مەدەت، تۈرتكە ۋە ئىلھام بولدى.

كەڭ مۇسۇلمانلىرىمىز ژۇرنىلىمىزنى مەنىۋي جەھەتتىنلا قوللاپ قالماستىن، بەلكى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە خالىسانە ھالدا ئىقتىسادي جەھەتتىنمۇ قىزغىن قوللاپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيانقى بەش يىل ئىچىدە جەمئىي 454 ئادەم (ئورۇن) ژۇرنىلىمىزغا جەمئىي 52 مىڭ 56 يۈەن 20فۇڭ ئىئانە (ئىئانە، سەدىقە، زاكات قاتارلىقلار)نى ئاتاپ، ژۇرنىلىمىزنى قوللايدىغانلىق كۆڭلىنى ئىپادىلىدى. قىلىنغان بۇ ئىئانىلەر ئاددىي ھالدىكى ئىقتىسادىي ئىئانە بولماي، بەلكى ژۇرنىلىمىزغا بولغان مەدەت، تۈرتكە ۋە ئىلھامدۇر.

كەڭ ئوقۇرمەنلەر بەش يىلدىن بېرى ژۇرنىلىمىزنى تېخىمۇ سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن ئىزچىل تۈردە ئۆزلىرىنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىنى يوللاپ كەلگەنىدى. بولۇپمۇ ژۇرنىلىمىز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ژۇرنىلىمىز توغرىسىدىكى تەكلىپ، پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىگەللەش ئۈچۈن 2000-يىللىق 3-سان ژۇرنىلىمىزدا «ژۇرنىلىمىز ئوقۇرمەنلىرىدىن ئۈمىد» دېگەن تېمىدا «ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەش جەدۋىلى» تارقاتقاندىن كېيىن، ھەر ساھەدىكى ئوقۇرمەنلەردىن 100 پارچىدىن ئارتۇق تەكلىپ-پىكىرلەرنى تاپشۇرۇۋالدۇق ( بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي زاتلار، ئادەتتىكى ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمان ئىشچىلار، دېھقانلار، پىشقەدەم كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، سىياسىي-قانۇن خادىملىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



دوختۇرلار، تىجارەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا ھەر ساھەدىكىلەر بار)، بۇ قىزغىن ئوقۇرمەنلىرىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ بەش يىللىق نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بىزگە ئىلھام بېغىشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنىلىمىزنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ، سەھىپە تۈرلىرى، مۇقاۋا ئىشلىنىشى، ھەتتا بەت ياسىلىشىغا قەدەر، ناھايىتى قىممەتلىك پىكىر، تەلەپ، ئارزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنى ئوقۇرمەنلەر ساداسى توغرىسىدا بىرىنچى قول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ئىنشائاللاھ! ژۇرنىلىمىز بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىزنىڭ تۈپ يۆنىلىشى بويىچە، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ تەلەپ-ئارزۇلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ مەزمۇنلۇق، كۆركەم، جەلپ قىلارلىق سۈپەتتە چىققۇسى.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنايىتى ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىز نىشانىسىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ژۇرنال ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش، ئۇلارنى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا، جۈملىدىن غەربىي رايوننى كەڭ دائىرىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، ئىتتىپاقلىقى ۋە گۈللىنىشى، مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ. بۇ بىزنىڭ نىشانىمىز.

ئاخىردا ژۇرنىلىمىز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ داۋاملىق تۈردە ژۇرنىلىمىزنىڭ قىزغىن ھەمراھلىرىدىن بولۇشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز. ئاللاھ تائالا ھەر قايسىڭلارغا ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي—ئامىن!

---

**تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى**

تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2000-يىل 9-ئاينىڭ 4-كۈنى شەھەر بويىچە جاپپار ئىمام مەسچىتىدە تۇنجى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە شەھەرگە قاراشلىق 13 يېزا(بازار)، مەيدان، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدىن بولۇپ توققۇز ئەر-ئايال قىرائەتچى قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ باھالاش ھەيئىتى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېھىم قارىي ھاجى قاتارلىق ئىلمىي تەجۋىد قائىدىسى ۋە قىرائەتتىن تولۇق خەۋىرى بار بەش ئۆلىما، ئاخۇن-قارىيلاردىن تەركىب تاپتى. بۇ قېتىمقى قىرائەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى تۇرپان شەھىرىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىدلىك قىرائەت قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تەجۋىدلىك قىرائەتنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**(شاھمەردان ئىمىننىياز)**

**چاقىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-قېتىملىق ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى**

بۇ يىغىن 2000-يىل 8-ئاينىڭ 23-كۈنى ئېچىلدى، يىغىنغا دىنىي زات ۋەكىللىرىدىن 34 كىشى، ناھىيە رەھبەرلىرى، سىياسىي كېڭەش، بىرلىكسەپ ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى مەتىمىن ئىبراھىم ھاجى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى. يىغىندا يەنە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، «بەشتە ياخشى» دىنىي زاتلارنىڭ ياخشى ئىش-ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

**(ياسىنجان غوجىمەخمەت)**

# «قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى

**هاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇلۇ**

## تۆتىنچى باپ*

### «قۇرئان كەرىم»نىڭ تىلى، تەلەپپۇزى ۋە قىرائەت قىلىنىشى

**1. ئۇلۇغلۇق ئەرەب تىلى**

«قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان. بۇ نۇقتا پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» دىكى 10سۈرىدە 11 قېتىم (41-سۈرىدە ئىككى قېتىم) تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن: **''شۈبھىسىزكى سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق. بۇ قۇرئاننى ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى ساڭا بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ قىسسىدىن ھەقىقەتەن بىخەۋەر ئىدىڭ''**.(سۈرە«يۇسۇف» [12-سۈرە]، 2-،3-ئايەتلەر). بۇ «يۇسۇف» سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا **''ئەڭ چىرايلىق قىسسىنى بايان قىلدۇق''** دېگىنى موشۇ سۈرىدە مەركەزلىك بايان قىلىنغان يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام قىسسىلىرىگە قارىتىلغان، **''ساڭا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق''** دېگىنى موشۇ ئارقىلىق مۇھەممەد پەيغەمبەرنى ئويغىتىشنى كۆرسىتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا قۇرەيشلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغان، ھالبۇكى بۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئاللاھدىن ۋەھيى ئېلىپ، مۇۋاپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاداۋەتلىرىگە شەپقەت بىلەن جاۋاب قايتۇرغان. مانا بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنىشىدىكى مەقسەتلەردىن بىرى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇنداق دېيىلگەن:'' (كىشىلەرنى) **قىيامەت كۈنىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، ساڭا بىز موشۇنداق ئەرەبچە قۇرئاننى نازىل قىلدۇق، ئۇ كۈندە ھېچ شەك يوقتۇر،(ئۇ كۈندە) بىر پىرقە(كىشىلەر) جەننەتتە ۋە بىر پىرقە كىشىلەر جەھەننەمدە بولىدۇ''**. (سۈرە«شۇرا» [42-سۈرە] ، 7-ئايەت) بۇ يەردە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرگە يەتكۈزۈش، پەندى-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ، ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ بىلىم ۋە ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى (سۈرە «رەئد» [ 13-سۈرە] 37 -ئايەت ؛ سۈرە «زۇخرۇف» [ 43-سۈرە ]، 4-ئايەت)؛ بىلىملىك قەۋمگە قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقى (سۈرە «فۇسسىلەت» [41 - سۈرە ]، 3-ئايەت) تىلغا ئېلىنغان؛ ئۇنىڭ ئۇچۇق ئەرەب تىلىدا نازىل بولۇپ، ئىلگىرىكى كىتابلار بىلەن بىر-بىرىنى تەستىق قىلىشىدىغانلىقى (سۈرە «شۇئەرا» [26-سۈرە]، 195-ئايەت؛ (سۈرە «ئەھقاف» [46-سۈرە ]،12-ئايەت)؛ئۇنىڭدا كىشىلەرنى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، تۈرلۈك مىساللار بايان قىلىنغانلىقى، ئەرەبچە نازىل بولغان

***باش قىسمى ئۆتكەنكى سانلاردا**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايەتلەرنىڭ ئەگرىلىكتىن خالىيلىقى (سۈرە «زۇمەر» [39-سۈرە]، 27-28-ئايەتلەر) سۆزلەنگەن. بىر ئايەتتە يەنە ئىغۋاگەرچىلىك قىلغۇچى، تەكشىلىققا سالغۇچىلارغا رەددىيە بېرىلگەن، (سۈرە «فۇسسىلەت» [41-سۈرە]، 44-ئايەت) چۈنكى ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرى نېمىشقا ئەجەم (چەتئەل) تىلىدا نازىل بولماي، ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىندى؟ دەپ سوئال قويۇپ تۇرۇۋالغانىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا نازىل بولغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشتە نۇرغۇن قاراتمىلىقلار بار. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: ئەينى ۋاقىتتا بەزىلەر «قۇرئان كەرىم»نى ناسارى (خرىستىئان) يەسار (بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە جەبار) خۇپىيانە ھالدا پەيغەمبەرگە ئۆگەتكەن دەپ تۆھمەت قىلىش بىلەن، ئايەتلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ۋەھىيسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار دەۋاتقان ئۇ ناسارى ئەرەب تىلىنى مۇتلەق بىلمەيتتى، شۇڭا ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: '' **ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ: 'ئۇنىڭغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ' دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز، ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس، بۇ (قۇرئان) بولسا روشەن ئەرەب تىلىدۇر ''.** (سۈرە «نەھل» [16-سۈرە]، 103-ئايەت)

ئايەتلەردە ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا نازىل بولغانلىقىنى شۇنچىۋالا كۆپ تەكىتلىگەنلىكى، شۇنداقلا بۇنى قايتا-قايتا تىلغا ئالغانلىقىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇ ئايەتلەر ھەم ئەرەبچە سۆزلەيدىغان پەيغەمبەرگە نازىل بولغانلىقى ھەم ئۇنىڭغا بۇنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئەرەبچە سۆزلىشىدىغان ئەرەب مىللىتى ئارىسىدا ئالدى بىلەن تەرغىب قىلىش بۇيرۇق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، پەقەت ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغاندىلا ئۇنى ئاممىنىڭ قوبۇل قىلىشى قولايلىق بولىدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. ناۋادا ئۇ يەردىكىلەر ئۇقمايدىغان بىر تىلدا نازىل بولسا، ئۇ قانچىلىك مۇپەسسەل ھېكمەتلەر، گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن تولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ نېمە رولى بولاتتى؟ بۇ مەسىلە «قۇرئان كەرىم»دە ئاللىبۇرۇن ئېنىق بايان قىلىنغانىدى: '' **قانداقلا بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتمەيلى، ئۇنى بىز ئۆز قەۋمىگە (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى) بايان قىلىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى بىلەن (سۆزلەيدىغان) قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت تەبلىغ قىلىش بولۇپ، ھىدايەت قىلىش ئىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر). ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر''.** (سۈرە «ئىبراھىم» [14-سۈرە]، 4-ئايەت).

دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نى ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىشتىكى مەقسەت-مۇددىئا كۆپ قېتىم تەكىتلەنگەن. ھالبۇكى ئىلگىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «تەۋرات»، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «ئىنجىل»، داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان «زەبۇر»لار ئەرەب تىلىدا ئەمەس، بەلكى بۇ ئۈچ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋە بولغان رايون ۋە مىللەتلەرنىڭ قوللىنىدىغان تىلىدا نازىل قىلىنغان.

مىسىرلىق مەشھۇر ئالىم ئەھمەد ئەمىن (1886-1954) ئۆزىنىڭ «ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: '' ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاقىرىقى ئەرەب مىللىتىنى نىشان قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب مىللىتى چۈشىنەلەيدىغان تىلنى قوللىنىش لازىملىقى مۇقەررەر ئىدى''. (ناجۇڭ تەرجىمىسى، سودا

نەشرىياتىنىڭ 1982-يىل خەنزۇچە نەشرى، 210-بەتكە قاراڭ) كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دەل«قۇرئان كەرىم»نىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئەرەب تىلى لەھجىلىرىدە (دىئالېكتلىرىدا) «قۇرئان كەرىم»تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلغان ئەرەب تىلى مەيدانغا كېلەلىدى، ئەرەب تىل-يېزىقىنىڭ تەسىرى پۈتۈن دۇنيادىكى نەچچە يۈز مىليونلىغان مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىغا كېڭىيەلىدى.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى. ئۇ تەپەككۇر بىلەن زىچ ئالاقىدار بولۇپ، تەپەككۇر قىلىش قورالى، ئىدىيىنىڭ بىۋاسىتە نامايانى، ئادەمنىڭ باشقا هايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدىكى ماھىيەتلىك ئالامەتلىرىدىن بىرى. تىل_تاۋۇشنى ماددىي تون، سۆزلۈكنى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، گىراماتىكىنى قۇرۇلما قانۇنىيىتى قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن سىستېما. دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر، رايونلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا سۆزلىشەلەيدىغان ياكى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان تىلى بار، ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان تىللاردىمۇ لەھجە ياكى شىۋە پەرقلىرى بار، پەرق بەك چوڭ بولغانلىرى ھەتتا بىر-بىرى بىلەن گەپلىشەلمەيدۇ، ئوخشاش بىر تىلدا بولسىمۇ ئۆزئارا ئۇقۇشالمايدۇ (پەقەت يېزىق ئارقىلىقلا چۈشىنىشەلەيدۇ). ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، دۇنيا بويىچە ئېنىقلىنىپ چىقىلغان تىللا 5651 خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 1400 خىلى تېخى مۇستەقىل تىل دەپ ئېتىراپ قىلىنمىغان. بەزى تىللار چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ بېيىتقان، بەزىلىرى بولسا تەدرىجىي تارىيىشقا ھەتتا يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ھازىر دۇنيادا بىر تىلنى 50 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم قوللىنىدىغان تىل 13 خىل بولۇپ، ئۇلار: خەنزۇ تىلى،ئىنگلىز تىلى، فرانسوز تىلى،رۇس تىلى، ئىسپان تىلى، ئەرەب تىلى، ھىندى تىلى، ياپون تىلى، ھىندونېزىيە تىلى، نېمىس تىلى، بېنگال تىلى، پورتۇگال تىلى ۋە ئىتاليان تىلىدۇر.

ئەرەب تىلى غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەب مىللىتى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان تىل بولۇپ، ئافرو-ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ سېمىت تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. سېمىتلار ئومۇمەن سېمىت-ھەمىت تىللىرى سىستېمىسىنىڭ سېمىت تىللىرى گۇرۇپپىسىدىكى تىللاردا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، بۇلار قەدىمكى زاماندا بابىلونلار، ئاسۇرىلار،ھۆرىلار،فېنىكىلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ يېقىنقى زاماندا ئاساسەن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاھالىسى، يەھۇدىيلار، سۈرىيانلار ۋە ئېفىئوپىيە ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولىدى. تىلشۇناسلىقتىكى'' نەسەپكە قاراپ تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى'' بويىچە بولغاندا، سەمىيە-ھەمىيە (سېمىت-ھەمىت)تىللىرى سىستېمىسى ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئافرىقىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، ئۇنىڭدا ''سېمىت تىللىرى گۇرۇپپىسى'' قەدىمكى ھېۋرى تىلى، ئەرەب تىلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ''ھەمىت تىللىرى گۇرۇپپىسى'' قەدىمكى مىسىر تىلى، ھەۋسە تىلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر ئەرەب تىلىنى قوللىنىدىغان ئاھالە تەخمىنەن 200 مىليون بولۇپ، بۇ تىل ئاسىيا-ئافرىقىدىكى 21 ئەرەب دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە مۇھىم خەلقئارالىق يىغىنلارنىڭ خىزمەت تىلىدىن بىرى، شۇنداقلا دۇنيا مۇسۇلمانلىرى قوللىنىدىغان دىنىي تىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەرەب تىل-يېزىقىنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرسەك، ۋەسىقە ماتېرىياللار كەمچىل بولغانلىقى سەۋەبلىك بۇ ھەقتە رەتلىك تىزىلما بېرەلمەيمىز، پەقەت ئەڭ بالدۇرقى يازما تىلىنىڭ مىلادى 328-يىلدىكى بىر پادىشاھنىڭ قەبرە تەزكىرىسىدە كۆرۈلگەنلىكىدىنلا خەۋەردارمىز. تەخمىنەن 5-ئەسىر ئەتراپىدا، بىرلىككە كەلگەن ئەدەبىي تىل شەكىللەنگەن بولۇپ، مەشھۇر ئەسەر« مۇئەللەغەت » تە قەدىمكى يەتتە نەپەر بۈيۈك شائىرنىڭ داستانلىرى يېزىق سۈپىتىدە خاتىرىلىنىپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇلغان. 7-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغاندىن كېيىن ئەرەب تىلى ئاندىن تەدرىجىي قېلىپلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن.

«قۇرئان كەرىم» دە قوللىنىلغان ئەرەب تىلىدا قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ لەھجىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، باشقا لەھجىلەرنىڭ ئامىللىرىمۇ بار. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، بۇ قەبىلە ئەينى ۋاقىتتا مەككىدىكى ھەرەم مەسچىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە سودا-تىجارەتنى تىزگىنلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، باشقا قەبىلىلەر بىلەن كۆپلەپ ۋە كەڭ دائىرىدە باردى-كەلدى قىلاتتى، شۇڭا بۇ قەبىلىنىڭ لەھجىسىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك تارقىلىپ، باشقا لەھجىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئاممىۋىي ئاساسقا ئىگە بولۇش بىلەن، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا تېخىمۇ قولايلىق ئىدى. لېكىن ھەر خىل تىللار، جۈملىدىن لەھجىلەرنىڭمۇ جەمئىيەتتىكى باردى-كەلدى مۇناسىۋەتلەردە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى، قوشۇلۇشى ياكى قىسمەن دەرىجىدە قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەبۇ ھاتىم سەجىستانىنىڭ ئېيتىشىچە :«قۇرئان كەرىم»تىلى 1-قۇرەيش لەھجىسى،2-ھۇزەيىر لەھجىسى، 3 -تەمىم لەھجىسى، 4-ئەزد لەھجىسى، 5-رەبىئە لەھجىسى،6-خەۋاج لەھجىسى، 7-سەئىد ئىبنى بەكر لەھجىسىدىن ئىبارەت يەتتە خىل لەھجىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يەنە بىر خىل ئېيتىلىشتا بۇنىڭغا ئوخشاشلىقمۇ بار، ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىمۇ بار، ئۇنىڭدا يۇقىرىدىكى يەتتە لەھجىنىڭ تۆت خىلى يەنى 1-،2-،3-،6-لىرى ئوخشايدۇ، قالغان ئۈچ خىلى ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا قالغان ئۈچ خىلى:سەقىف لەھجىسى، كىنانە لەھجىسى ۋە يەمەن لەھجىسى دېيىلگەن.

لەھجە ياكى تاۋۇش دېئالېكتى ئوخشاش بىر تىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا مەلۇم ئامىللار تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن پەرقلىق تىل تاۋۇشلىرى بولۇپ، بۇ خىل تىلدا قېلىپلاشقان ئۆلچەملىك تاۋۇش قارارلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ ئۆلچەملىك تاۋۇشتىن پەرقلىنىدىغان تاۋۇش سۈپىتىدە لەھجە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە بىر قانچە لەھجىلەرنىڭ بولۇشىغا كەلسەك، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نۇسخا مەيدانغا كېلىشتىن ، تاۋۇش بەلگىلىرى تەپسىلىي بەلگىلىنىشتىن ،ئۆلچەم بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ لەھجە بويىچە قىرائەت قىلىنىشىغا يول قويۇلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمدىن ئىبارەت ئىككى مۇھەددىس«قۇرئان كەرىم»نى قىرائەت قىلىشقا دائىر تۆۋەندىكىدەك بىر ئىشنى رىۋايەت قىلغان ئىدى:ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دېگەن:''مەن ھاشىم ئىبنى ھەككانىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ «فۇرقان»سۈرىسىنى(25-سۈرىسىنى)قىرائەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭ قىرائىتىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىسام، بىر نەچچە ياردەمچى سۆزنى ئوقۇپ تاشلىدى، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەتتە ماڭا ئۆگەتكەندەك ئەمەس ئىدى،

مەن دەرھال ئۇنىڭدىن سورىماقچى بولدۇم، ئۇ نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ: 'مۇنداق ئوقۇشنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟' دەپ سورىدىم، ئۇ: 'پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن' دېدى، مەن: 'يالغان ئېيتىۋاتىسەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن قىرائەت قىلغان سۈرىنى ھېلى مەن ئاڭلىدىم، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭىمۇ ئۆگەتكەن' دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردۇق. مەن: 'ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇنىڭ سۈرە «فۇرقان»نى ئوقۇشنى ئاڭلىدىم، ئۇ ئەيمەنمەستىن ياردەمچى سۆزلەرنى قوشۇپ ئوقۇدى، سەن ماڭا ئۇنداق ئۆگەتمىگەنغۇ؟' دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: '**سەن ئۇنى قويىۋەت! ھاشىم سەن ئوقۇپ كۆرگىنە!**' دېدى، ھاشىم بايا مەن ئاڭلىغاندەك ئوقۇپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: '**بولىدۇ، شۇ بويىچە قىرائەت قىلىۋەرگىن**' دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە قوشۇمچە قىلىپ: '**«قۇرئان كەرىم» يەتتە خىل لەھجىدە نازىل بولغان**' دېدى.

يەنە بەزىلەر بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتا ئايەتلەرنى ئوقۇشتا ئايرىم سۆزلۈكلەردە ئانچە-مۇنچە پەرقلەرنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن. مەسىلەن، "**ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر**". (سۈرە «مۆئمىنۇن»[ 23-سۈرە ]، 8-ئايەت) دېگەن ئايەتتىكى "ئامانەت" دېگەن سۆزنى قىرائەت قىلىپ ئوقۇغاندا، ئەسلى كۆپلۈك شەكلى بولغان بۇ سۆزنى بەزىلەر ئۇنىڭ بىرلىك شەكلىدە "ئامانە" دەپ ئوقۇغان، بۇنىڭدىن روشەنكى، موشۇنداق ئوقۇسىمۇ ئۇ سۆزنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىگە ھېچقانداق تەسىرى بولمىغان.

قۇرەيش لەھجىسى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ئەرەب تىلى ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» تارقالغان، «قۇرئان كەرىم» مۇ ئەرەب مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەشھۇر ئەرەب تارىخى ئالىمى پروفېسسور ئابدۇرەھمان ناجۇڭ ئەپەندى: "«قۇرئان كەرىم» قۇرەيش تىلىدا پۈتۈلگەن، شۇ سەۋەپتىن «قۇرئان كەرىم» بىلەن قۇرەيش تىلى بىر-بىرىگە تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. «قۇرئان كەرىم» قۇرەيش تىلى ئارقىلىق ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان؛ قۇرەيش تىلىمۇ «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق پۈتۈن ئەرەب مىللىتىنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئورتاق تىلى بولۇپ قالغان" دەيدۇ. ئۇ يەنە ئەرەب تىلىنىڭ كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىرلىك تەرەققىيات ئەھۋالىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "مىلادى 11-ئەسىردىن كېيىن، ئەرەب تىلى ئىراق، سۈرىيە، مىسىر ۋە شىمالىي ئافرىقىغا ئومۇملاشتى. ئۇنىڭ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرىمۇ ناھايىتى زور بولدى. 9-ئەسىردىن 12-ئەسىرگىچە بولغان 400يىل ئىچىدە، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى كۆپىنچە ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازدى، ئەرەب تىلى ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم تۆھپە ياراتتى". (ناجۇڭ: «ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى»، «تەرجىماندىن مۇقەددىمە»، سودا نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى)

13—9—ئەسىرلەردە ئەرەب تىلى گىرېتسىيە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى بىر-بىرىگە ئۆتۈشتۈرۈشتە ۋاستىچى تىل بولۇپ، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئوپتىكا (نۇرشۇناسلىق) قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەسەرلەر غەربىي ياۋروپاغا كەڭ تارقالغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىنىپ، ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان تەبىئىي پەنلىرىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ئاساس قۇرۇپ بەرگەن. ئەرەب تىلى «قۇرئان كەرىم»نىڭ كەڭ تارقىلىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گراماتىكا، ئىستىلىستىكا، مېترىكا قاتارلىق پەنلىرىنى تەدرىجي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن ،پارس تىلى، تۈرك تىلى، ئوردۇ تىلى، ھىندونېزىيە تىلى، سۋاھىل تىلى، خەۋسە تىلى قاتارلىق 36 خىل تىلدا كۆپلەپ ئەرەب تىلى سۆزلۈكلىرى بار، بۇلاردىن پارس تىلى ، ئوردۇ تىلى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى قاتارلىق تىللار ئەرەبچە ھەرپ( ئاز ساندا كۆپەيتىلىش ياكى ئازايتىلىش) بىلەن يېزىلىدۇ. ئەرەب تىلى بىر مىلياردتىن ئارتۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان دىنىي تىلى بولۇپ قالدى. ( «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى» <1994-يىل نەشرى> دىكى « ئەرەب تىلى» دېگەن ماددىدىن پايدىلىنىڭ) دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەردە، '' ئۇ يەردە قانداق تىلنىڭ قوللىنىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مەسچىتلەردە ناماز ئۆتكەندە، ئاممىۋي قائىدە-يوسۇنلاردا ۋە تېلېۋىزىيىدە « قۇرئان كەرىم »ئايەتلىرى تامامەن ئەرەب تىلىدا ئوقۇلىدۇ''.(ئامېرىكىلىق توماس لېيماننىڭ «ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار دۇنياسى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ)

ھازىرمۇ مۇناسىۋەتلىك ئەللەردىكى خەلق ئېغىز تىلىدا ئەرەب تىلىنىڭ ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان لەھجىلىرى مەۋجۇت، تەخمىنەن سەككىز تۈرلۈك لەھجە بار:1-مىسىر لەھجىسى؛2- سۈرىيە لەھجىسى؛3-ئىراق لەھجىسى؛4-سەئۇدى ئەرەبىستانى لەھجىسى؛5-يەمەن لەھجىسى؛6-تۇنىس لەھجىسى؛7-ئالجىرىيە لەھجىسى؛8-مەراكەش (مەغرىب) لەھجىسى. بۇنىڭ ئىچىدە تەسىرى ئەڭ زورى مىسىر لەھجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.لېكىن «قۇرئان كەرىم» تىلى قېلىپ قىلىنغان ئۆلچەملىك ئەرەب تىلى ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئەدەبىيات، مائارىپ ، گېزىت-ژۇرنال، رادىئو، يىغىن، يازما ئالاقە ، خەت-چەكلىرىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ، تۈرلۈك خەلقئارالىق باردى-كەلدى سورۇنلىرىدا بولسا، قېلىپلاشتۇرۇلغان ئۆلچەملىك ئەرەب تىلى جەزمەن قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن« قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدىغانلىقىنى تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 2.سۆز تەلەپپۇزى ۋە كىشىلىك ئالماش

«قۇرئان كەرىم»دىكى كىشىلىك ئالماش''سەن، مەن ،ئۇ'' قاتارلىقلار زادى كىمنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇلارنى قانداق پەرقلەندۈرۈش كېرەك؟ بۇ مەسىلە ئايەتلەرنى (جۈملىدىن تەرجىمىسىنى) دەسلەپ ئوقۇغان كىشىلەرگە ھەمىشە مۈجمەل تۇيۇلىدۇ، ئۇنى ياخشى ئىگەللەپ ئالمىغاندا، توغرا چۈشەنمىگەندە ئوقۇشماسلىقلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. پەقەت ئۇنىڭ ئايەتلەردىكى ئىشلىتىلىش قانۇنىيىتىنى پەيدىن پەي ئىگەللەپ، سۈرە-ئايەتلەرنى كۆپلەپ ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىكى تەلەپپۇز ئورامىغا پىشقان ۋە ئادەتلەنگەن چاغدىلا ئۇنىڭغا توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

كىشىلىك ئالماش «قۇرئان كەرىم»دە ھەقىقەتەن جانلىق ۋە خىلمۇخىل قوللىنىلغان، بىر خىللا بولماي تەبىئىي ئۆزگىرىپ تۇرغان. مەسىلەن،'' ئاللاھ''نىڭ ئالمىشى بەزىدە بىرىنچى شەخس''مەن''بىلەن ئاتالغان، بەزىدە

شەخس ''مەن'' بىلەن ئاتالغان، بەزىدە ئۈچىنچى شەخستە كېلىپ، ئوبيېكتىپ بايان قىلىش تەلەپپۇزىدا ''ئۇ'' دەپ ئاتالغان، بەزىدە بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسى ،ئىلتىجاسى تەلەپپۇزىدا كېلىپ ئىككىنچى شەخس ''سەن'' دەپ ئاتالغان، كۆپ ھاللاردا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئارىلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلغان. مانا بۇ ھال تېخى ئىچكىرىلەپ كېتەلمىگەن ئوقۇرمەنلەرگە قىيىنچىلىق تۇيۇلماي قالمايدۇ.

(1)'' ئاللاھ''نى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار توغرىسىدا

1)ئايەتلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن جاكارلانغانلىقى ۋە يەتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»دە بىرىنچى شەخس تەلەپپۇزىدا كەلگەن تالايلىغان ئالماشلار ئاللاھنىڭ ئۆزىنى ئاتىشىدۇر: **''ئۇلار ئاسماننى قانداق (تۈۋرۈكسىز ) بەرپا قىلغانلىقىمىزغا ،ئۇنى (يۇلتۇزلار بىلەن) بېزىگەنلىكىمىزگە ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق يوچۇق يوقلۇقىغا قارىمامدۇ؟ يەر يۈزىنى( توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە( ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق''**(سۈرە«قاف» [50-سۈرە]، 6-7-ئايەتلەر) بۇ نەقىلدىكى بىرىنچى شەخس ئالماش، روشەنكى ئاللاھنىڭ ئۆزىنى ئاتىشىدۇر. بۇ خىل ئۆزىنى ئاتاش بەزىدە بىۋاستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى بېرىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش تەلەپپۇزىدا ئىپادىلەنگەندە، ئۇنىڭغا ماس رەۋىش ''سەن'' كېلىدۇ، مەسىلەن:'' **(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ كۆكسىڭنى (ھىدايەت، ھېكمەت ۋە قۇرئاننىڭ نۇرى بىلەن) كەڭ قىلمىدۇقمۇ؟ سېنىڭ بېلىڭنى ئېگىۋەتكەن ئېغىر يۈكنى ئۈستۈڭدىن ئېلىپ تاشلىدۇق. سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلدۇق''**.(سۈرە«ئىنشىراھ» [94-سۈرە]، 1—4-ئايەتلەر)

'' **ساڭا بۇيرۇلغاننى ( يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار(نىڭ مەسخىرىلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن. سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم يېتىيمىز. ئۇلار باشقا مەبۇدلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي ( ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن يۈرىكىڭنىڭ سىقىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىمىز''**.(سۈرە «ھىجر» [ 15-سۈرە ]، 94—97-ئايەتلەر)

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىكى بىرىنچى شەخس ئالمىشى ئاللاھنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى، ئىككىنچى شەخس ئالماش '' سەن'' بولسا ، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە بەرگەن ئىلھام ۋە مەدەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بۇنىڭدىكى '' **ساڭا بۇيرۇلغاننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن**'' دېگەن ئايەت ھەققىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇ ئايەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ دىنني تەرغىباتنى دەسلەپتە يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىشتىن ئەمدى ئاشكارا ئېلىپ بېرىشقا ئۆتۈشىدە بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە، قۇرەيشلەردىكى ئەكسىيەتچى ئاقساقاللارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، دىنني تەرغىباتنى پەقەت كىچىك دائىرىدىلا ئېلىپ بارغان، بۇ ۋەھىينى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پائالىيىتى'' يەر ئاستىدا بولۇش'' تىن ئاشكارىلىققا بۇرالغان.

بەزىدە ئالماشلار ئاللاھ تائالا بىۋاستە بەندىلەرگە ، كۆپ سانلىق ئامىغا سۆزلىگەن تەلەپپۇزدا كەلگەن، بۇ چاغدا مۇناسىپ ئالماش بىرىنچى شەخس (ئاللاھ) ۋە ئىككىنچى شەخس ''سىلەر'' ( بەندىلەر) بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن:'' **ئى ئىنسانلار!**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابىمەنىدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىللىگە كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئادەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز( ئاندىن سىلەرنى ئاستا-ئاستا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى)قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشىڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكىچە (ھايات) قالدۇرۇلىسىلەر، ( ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلگەنلەرنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى) سەن زېمىننى قاقاس كۆرىسەن، ئۇنىڭغا بىز يامغۇر ياغدۇرساق، ئۇ جانلىنىدۇ ۋە كۆپىشىدۇ، تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ''.(سۈرە «ھەج» [ 22-سۈرە]، 5-ئايەت)

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى يارىتىش جەريانى، يەنى ئىنساننى يوقتىن بار قىلىش، كىچىكلىكتىن قېرىتىش، قاۋۇللۇقتىن ئاجىزلىتىش، تۇغۇلۇشتىن ئۆلۈمگە يوللاشقا قادىر ئىكەنلىكى، شۇنداقلا خۇددى سولۇشۇپ قۇرۇق-قاقشال بولۇپ قالغان مايسا يامغۇر-يېشىننى كۆرۈش بىلەن ئەسلىگە كەلگىنىدەك،ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساننىمۇ ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكە تامامەن قادىر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ئايەتنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى ئاۋۋال ئاگاھلاندۇرۇش، ئاندىن بىۋاستە بايان قىلىش تەلەپپۇزىدا بولغان. لېكىن نۇرغۇن سۈرە-ئايەتلەردە، بىۋاستە بايان قىلىشقا ئوخشىمىغان ھالدا كۆپىنچە ۋاسىتىلىق بايان قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، ئالماش بولسا '' ئۇلار'' دېگەن ئالماشقا ئۆزگەرتىلىپ، نۇرغۇن مىسال جۈملىلەر بېرىلگەن، مەسىلەن:'' ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىۋېتەتتۇق، ئاندىن ئۇلار يول مېڭىشقا ئالدىرايتتى، لېكىن ئۇلار قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟ئەگەر بىز خالىساق ئۇلارنى ئۆيلىرىدىلا سۈرىتىنى مۇبەددەل(يەنى مايمۇن، چوشقا ياكى تاش) قىلىۋېتەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىغىمۇ ماڭالمايتتى، ئارقىغىمۇ قايتالمايتتى. بىز ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان ئادەمنىڭ تېنىنى ئاجىزلىتىۋېتىمىز ( يەنى ياشلىق، قىرانلىق ۋاقتىدىكىدىن ئاجىزلايدۇ، قېرىيدۇ)، ئۇلار(بۇنى) چۈشەنمەمدۇ؟''.( سۈرە «ياسىن» [36-سۈرە]، 66—68 -ئايەتلەر)

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەردىكى ئالماشلاردا، بىرىنچى شەخس ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ، باشقا ئالماشلارنىڭ قارىتىلغان ئوبيېكتىنى تىل مۇھىتىدىنلا چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

2) تېخىمۇ كۆپرەك ئوبيېكتىپ بايان، مۇلاھىزە خاراكتېرلىك سۈرە-ئايەتلەردە بولسا، ئۈچىنچى شەخس ئالماش '' ئۇ''، ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ۋەھيىلەرنى بۇ خىل بايان شەكلىدە ئاممىغا جاكارلىغاندا ۋە يەتكۈزگەندە ناھايىتى تەبىئىي بولغان، ئاممىنىڭ ئاڭلىشى ۋە قوبۇل قىلىشىغىمۇ قولايلىق بولغان. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار ھەممىسى بىلىدىغان، پىششىق يادلىۋالغان 112-سۈرە__ئىخلاس سۈرىسى(«تەۋھىد سۈرىسى»دەپمۇ ئاتىلىدۇ) پەيغەمبىرىمىزنى ئاممىغا پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھنى تونۇش كېرەكلىكىنى جاكارلاش ۋە يەتكۈزۈش ۋەھيى قىلىنغان سۈرە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئالماشلارنىڭ ھەممىسى 3- شەخس شەكلىدە

ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ: ''ئى **مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئۇ ــ ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ''.**

بۇ سۈرىدىكى '' ئۇ''لار ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەلەپپۇز پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە ئىنتايىن كۆپ، مەسىلەن، 16-سۈرە ــ «نەھل»(«ھەسەل ھەرىسى»)سۈرىسىنىڭ 3- ئايىتىدىن 34-ئايىتىگىچە بېرىلگەن ۋە ئاللاھنىڭ يارىتىشى، سۈپىتى، مەرھەمەتى قاتارلىقلارغا ھەمدۇسانا ئوقۇلغان جۈملىلەردە ئالماش ''ئۇ''،كۆپلەپ ۋە كەينى-كەينىدىن قوللىنىلغان، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن ئىككى ئايەتنى مىسال قىلساقلا كۇپايە قىلىدۇ:'' **ئۇ (يەنى ئاللاھ)سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ ئۇنىڭ(يەنى ئاللاھنىڭ)ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر؛ چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار. ئۇ (يەنى ئاللاھ)يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ياراتقان رەڭگا-رەڭ نەرسىلەرنى ( سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى)، ۋەز-نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار''.** (سۈرە«نەھل» [16-سۈرە ]، 12-،13-ئايەتلەر)

بۇ خىلدىكى جۈملىلەردە ''ئۇ'' ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ، ''سىلەر'' بولسا، نەسىھەت ئالغۇچى ئاممىنى كۆرسىتىدۇ، روشەنكى بۇ خىل تەلەپپۇزدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەندىلەرگە ۋەھيى يەتكۈزۈشكە ماس ھالدا بەندىلەر بىۋاستە '' سىلەر'' دەپ ئېلىنغان بولۇپ، يەتكۈزگۈچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، شۇڭا تەلەپپۇزدا ئاللاھ '' ئۇ'' دەپ ئاتالغان.

بىر قىسىم ئايەتلەردە گەرچە ئايەتنى ئاڭلىغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئىككىنچى شەخس ئالماش'' ئۇ'' پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسەتسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۈچىنچى شەخس تەرىپىدىن ئۇبيېكتىپ بايان قىلىش تەلەپپۇزى قوللىنىلغان، مەسىلەن:'' **چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق. ساڭا ئاخىرەت ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر، پەرۋەردىگارىڭ ساڭا (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن. ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ (ئۇ سېنى) قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟(ئۇ) سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟''.**(سۈرە«زۇھا» [ 93-سۈرە]، 1—8-ئايەتلەر)

بۇ سۈرىدىكى''ئۇ''نىڭمۇ پۈتۈن تىل مۇھىتىدىن قارىغاندا، ئاللاھنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئېنىق ھۆكۈم قىلالايمىز. بۇ خىل تەلەپپۇزنى چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرسەك، جەبرائىل پەرىشتىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى يەتكۈزگەن چاغدىكى تەلەپپۇزىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىزچىل تۈردە مەرھەمەت ۋە غەمخورلۇق قىلىپ كەلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

3) تەلەپپۇز ۋە ئۇرانى ئېلتىجا، دۇئا-تىلاۋەت، قەسىدىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئايەتلەردە ئاللاھنى كۆرسىتىدىغان ئالماش بولسا، ئىككىنچى شەخسكە ئۆزگەرتىلگەن، بۇ يوسۇندا مۇسۇلمانلار شەخسەن ياكى كوللېكتىپ ھالدا كەئبىگە يۈزلىنىپ بىۋاستە مۇراجىئەت قىلغاندا بىر خىل سۈرلۈك ۋە تەنتەنىلىك ھالەت ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ كەڭ دائىرىدە قىرائەت قىلىنىدىغان 1-سۈرە ــ «فاتىھە» سۈرىسىنى ئالساق ئەنە شۇنداق:''**جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).**

«قۇرئان كەرىم»دە بۇ سۈرە ''**(نامازدا) تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان سۈرە**'' دېيىلگەن(سۈرە «ھىجر» [15-سۈرە]، 87-ئايەت)، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ سۈرە قىرائەت قىلىنىش قېتىم سانى ئەڭ كۆپ بىر سۈرە ە(پەقەت كۈندىلىك بەش ۋاق نامازدىلا، ھەر بىر رەكئەتتە بىر قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ، يەنى نامازنى بەجا كەلتۈرىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان ھەر كۈنى كەم دېگەندە ئۇنى 20 قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇيدۇ). بۇ سۈرىنى ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئوقۇپ، ئاللاھدىن ھىدايەت تىلەيدىغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىك سۈرە دېيىشكە بولىدۇ، پۈتۈن سۈرىدىكى ئىككىنچى شەخس ئالماشنىڭ دەرۋەقە ئاللاھقا قارىتىلغانلىقى ئۆزىدىن چىقىپلا تۇرىدۇ، بۇ خىلدىكى ئىلتىجا، تەلەپپۇز ئالماشلىرى دۇئا-تىلاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ قەلبىنى تەبىئىي ھالدا ئاللاھقا تېخىمۇ سەمىمىي يېقىنلاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى شەخس ئاللاھنى كۆرسىتىدىغان ئايەتلەرمۇ دائىم چېلىقىپ تۇرىدۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا كۆپرەك ئىلتىجا تەلەپپۇزىدىن كېيىن بۇ خىل ئالماش كەينى-كەينىدىن كېلىدۇ، مەسىلەن: ''**پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ**''.(سۈرە «ئال ئىمران» [3-سۈرە]، 8-9-ئايەتلەر)

ئىككىنچى شەخس بىلەن دۇئا-تىلاۋەت تەرىقىسىدە كېلىدىغان بۇنىداق ئايەتلەر بەزىدە كەينى-كەينىدىن ئۈزۈلمەي چېلىقىدۇ، مەسىلەن، 3-سۈرە_«ئال ئىمران»سۈرىسىنىڭ 191-ئايىتىدىن 194-ئايىتىگىچە ئەنە شۇنداق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىلدىكى ئايەتلەر ناھايىتى ھېسسىياتلىق كېلىدۇ، مەسىلەن، 2- سۈرە___«بەقەرە» (كالا) سۈرىسىنىڭ 286- ئايىتىدە''سەن'' دېگەن ئالماش بىلەن بىۋاسىتە ئىلتىجا، تىلاۋەت قىلىنغان:'' **ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى(نىڭ ساۋابى )ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى(نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر.(ئۇلار) 'پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق(يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن(يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن' دەيدۇ''.**

بۇ ئايەتتىكى ئىككىنچى شەخسنىڭ ھەممىسىلا ئاللاھنى كۆرسىتىدۇ. تەنتەنىلىك ۋە سۈرلۈك ئوقۇلىدىغان بۇ ئايەتتە گويا يىغلاپ تۇرۇپ مۇراجىئەت قىلىش شەكلى بىلەن، يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئىلتىجا ۋە تىلاۋەت قىلىنغان. ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بۇ ئايەتنى مۇپەسسەل ۋە تەسىرلىك دۇئانامە دەپ قارايدۇ، نامازدىن كېيىن، تەنتەنىلىك قائىدە-مۇراسىملاردا ئىككى ئالقىنىنى قەلب-كۆكسى ئالدىدا يوغان ئېچىپ، ھۆرمەت-ئىكرام بىلەن بۇ ئايەتنى ئوقۇپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىدۇ.

بۇيەردە ئىككىنچى شەخس ئالماشنىڭ رولى دۇئا-تىلاۋەت قىلغۇچى بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى زور دەرىجىدە قىسقارتىدۇ.

4)ئوخشاشلا ئاللاھنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار بەزىدە بىر تۇتاش كېلىۋاتقان بىر ئابزاستا ياكى بىر ئايەتتە ئالمىشىپمۇ تۇرىدۇ، لېكىن تىل مۇھىتىغا قاراپ ئۇنى پەرقلەندۇرۇپ ئېلىشمۇ تەس ئەمەس، مەسىلەن:''**ھەر ئۈممەت، ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن قۇربانلىق قىلغانلىرىدا) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار، ئىتائەتمەنلەرگە خۇشخەۋەر بەرگىن**''(سۈرە«ھەج» [22-سۈرە]، 34-ئايەت)

بۇ ئايەتتە، باشتا بىرىنچى شەخس قوللىنىلغان، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئۈچىنچى شەخس—''ئۇ'' قوللىنىلغان، گەرچە بۇ ئايەتلەر ئوخشاش بىر ئايەت ئىچىدە يولۇققان بولسىمۇ، خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلمايدۇ. يەنە مەسىلەن:'' **قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا (يەنى كېچىلىك يول يۈرگىنىڭلاردا) يول تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇ (ئاللاھ) سىلەرگە يۇلتۇزلارنى يارىتىپ بەردى. (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن(ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) دەلىللىرىنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق، ئۇ (ئاللاھ) سىلەرنى بىر ئىنساندىن ( يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتتى، سىلەرنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا ، ئاناڭلارنىڭ بەچچىدانىدا قارارلاشتۇردى، چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى ھەقىقەتەن ئوچۇق بايان قىلدۇق**''.(سۈرە«ئەنئام» [ 6-سۈرە ]، 97-98-ئايەتلەر)

قۇرۇلمىسى ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئىككى ئايەتتە، ئالماشنىڭ كېلىشى جەھەتتىكى ئورتاقلىق شۇكى، ئاۋۋال ئۈچىنچى شەخس ئالماش قوللىنىلغان، ئاندىن بىرىنچى شەخس ئالماش قوللىنىلغان، جۈملە جانلىق ۋە راۋان بېرىلگەن، ئەمما ئۇنىڭدا ئالماشنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىش تەس ئەمەس. موشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مىساللاردىن يەنە ئالساق:'' **ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى پاك ئېتىقاد قىلغىن. ئۇ (پۈتۈن مەخلۇقاتنى) ياراتتى، (ئۇلارنى) بېجىرىم(يەنى چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى (تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى) كۆرسەتتى. ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى. ئاندىن ئۇلارنى قارامتۇل قۇرۇق ئوت-خەسكە ئايلاندۇردى. (ئى مۇھەممەد!) ساڭا قۇرئاننى ئوقۇتىمىز، ئاللاھ (نەسخى) قىلماقچى بولغان نەرسىدىن باشقىنى ئۇنتۇمايسەن. ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (سۆز-ھەرىكەتلىرىنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سېنى بىز ئاسان يولغا (يەنى ئىسلام شەرىئىتىگە) مۇۋەپپەق قىلىمىز**''.(سۈرە «ئەئلا [ 87-سۈرە ]، 1—8-ئايەتلەر)

بۇ ئايەتلەردىكى ئالماشلار كىشىلىك ئالماشلارنىڭ گىرەلىشىپ، ئالمىشىپ كەلگەنلىكىگىمۇ مىسال بولالايدۇ، بۇنى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ مەزمۇنى، مەنىسى ۋە جۈملىنىڭ ئالدى-كەينى ئورانىدىن مۇلاھىزە قىلىپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا بۇ دەل ئۇنى تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ چارە-ئامال ئىزدەپ چۈشىنىشلىك قىلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان بىر سەۋەپتۇر.لېكىن ئۇنى پەرق ئېتىشنىڭ ئەڭ ئېگىزلىك يولى يەنىلا ئايەتلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» دە بايان قىلىنىش قانۇنىيىتىنى تەدرىجي پىششىق ئىگەللەش، چۈشىنىپ پەرقلەندۇرۇش سەزگۈرلۈكى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە.

### (2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلار توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايەتلەردە مەخسۇس ئاللاھ تائالانى كۆرسىتىدىغان ئالماشلارنى پەرق ئېتىشتىن سىرت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدىغان ئالماشلارنىمۇ ئىگەللىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1) مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى تۇنجى قوبۇل قىلغۇچى ۋە ۋەھيى ئالغۇچى بولغانلىقى، ئايەتلەردىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار ئۇنىڭ دىنىي تەرغىباتىغا قارىتا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، يولۇقىدىغان ناھايىتى نۇرغۇن ئىككىنچى شەخس ئالماشلارنىڭ كۆپىنچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ''**بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ**''. (سۈرە«كەۋسەر» [108-سۈرە]، 1—3-ئايەتلەر ،يەنى پۈتۈن سۈرە)

بۇ قىسقا سۈرىدىكى ئىككىنچى شەخس ئالمىشى مەخسۇس مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ نازىل بولۇشتىكى تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى مۇنداق: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەل ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ دەرت-پەرياد ئىچىدە تۇرغاندا، مۇناپىقلاردىن ئاس ئىبنى ۋائىل بۇنىڭدىن گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ''ئەبتەر'' يەنى ''نام-نىشانى يوقالغۇچى'' ( نەسلى قۇرۇغۇچى) دېگەن. بۇ سۈرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بېرىلىپ كۆڭۈل سورالغان، ئاخىرقى بىر ئايەتتە ئاھەنەتكار ئاس ئىبنى ۋائىلغا دەككە بېرىلگەن. مۇفەسسىرلەر (تەپسىرچىلەر) دىن بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ، سۈرە بېشىدىكى «كەۋسەر»(نۇرغۇن ياخشىلىقلار) جەننەتتىكى بىر سۈزۈك سۈلۈق ئېرىق ياكى مەنزىرىسى گۈزەل كۆلچەكنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى شەخس سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن مىساللاردىن بىر قاراپلا ئۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، مەسىلەن: ''**ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۇمكىلىۋالغۇچى(پەيغەمبەر)، تۇر!(ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن(ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول. كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە (يەنى بىر كىشىگە بىرەر سوۋغا بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسە ئېلىشنى تاما قىلما)، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (رازىلىقى )ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتكە) سەۋر قىل**''.(سۈرە «مۇددەسسىر» [ 74-سۈرە ]، 1—7-ئايەتلەر)

سۈرە بېشىدا ''**كىيىمگە چۇمكىلىۋالغۇچى**''( مۇددەسسىر) دېگەن مۇراجىئەت سۆزى (بۇ سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالانىڭ ئالاھىدە ناملىرىدىن بىرى) بولغىنى ئۈچۈن، بۇ ئايەتلەردىكى بىر مۇنچە ئىككىنچى شەخس ئالماشنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق كەلگەن.

يەنە بىر مۇنچە سۈرە-ئايەتلەردە، ''ئېيتقىنكى'' دېگەن سۆز دائىم ئۇچرايدۇ، بۇ بۇيرۇق پېئىل كۆپىنچە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەرغىبات ئېلىپ بېرىشقا ياكى دىنىي تەرغىبات جەريانىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشكە ئۈندەپ ئېيتىلغان ، بىر قانچە قىسقا سۈرىلەردە ''ئېيتقىنكى''، ''دېگىن'' دېگەن سۆزلەر ئېنىق كۆرسىتىلگەن، مەسىلەن:109-سۈرە _«كافىرۇن » سۈرىسى ، 112-سۈرە _ «ئىخلاس» سۈرىسى، 113-سۈرە _«فەلەق» سۈرىسى،114-سۈرە _«ناس» سۈرىسى قاتارلىقلاردا شۇنداق ، بۇ سۈرىلەردە پۈتۈن سۈرىنىڭ مەزمۇنى ''ئېيتقىنكى''، ''دېگىن'' دېگەن بۇيرۇق سۆزنىڭ دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن. يەنە مەسىلەن،67-سۈرە _ «مۇلك» سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى سەككىز

ئايىتىنىڭ بەشىسىدە (يەنى 23-،24-،26-،28-،29-ئايەتلەردە) مۇ ئايەت بېشىدا ''ئېيتقىنكى'' دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق پەندى-نەسىھەت قىلىشنى، ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە قانداق جاۋاب بېرىشنى تاپىلاشتىن ئىبارەت.

يۈزەكى ئىستاتىستىكىلاپ كۆرۈلۈشىچە، ''ئېيتقىنكى''، ''دېگىن'' دېگەن بۇيرۇق پېئىل پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە تەخمىنەن 332 قېتىم ئۇچرايدىكەن، بۇنىڭدىن ئاز ساندىكىلىرى مۇناسىۋەتلىك قىسسىلەردىكى شەخسلەرگە قارىتىلغاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىپ ئېيتىلغان.

2) ئۇچىنچى شەخس '' ئۇ '' ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىلگەن جۈملىلەرمۇ ئايەتلەردە ئاز ئەمەس. مەسىلەن: '' **ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس. ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كاپىرلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى (بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل بولغان) ۋەز-نەسىھەتتۇر ۋە روشەن دەلىلدۇر''.** (سۈرە «ياسىن» [36-سۈرە]، 69-،70-ئايەتلەر)

بۇ ئايەتلەرنىڭ قاراتمىلىقى شۇكى، ئۇنىڭدا ئەينى ۋاقىتتىكى مەككىدىكى بەزى مۇشرىكلارغا رەددىيە بېرىلگەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەرتىۋىسىنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، غەرەزلىك ھالدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ''شائىر'' دەپ ئاتاش بىلەن، ئۇنىڭ رەسۇل، پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان؛ «قۇرئان كەرىم»نى شېئىرغا ئوخشايدىغان ئەدەبىي ئەسەر دېيىش بىلەن، ئۇنىڭ كىتاب(كالامۇللا) ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغانىدى. شۇڭا، ئايەتلەرنىڭ ئۆزىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ''ئۇ'' دېگەن ئالماش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان. بۇ يەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئادەتتىكى شائىرغا ئوخشۇتۇشقا بولمايدىغانلىقى، «قۇرئان كەرىم»نى سۇندۇرۇپ، ئادەتتىكى قەسىدىلەر قاتارىغا قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدىغانلىقى ئېچىپ بېرىلگەن.

3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىرىنچى شەخس قىلىپ بايان قىلىش كۆپرەك ئۆز ئارا سۆزلەشكەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئىپادىلىگەن جايلاردا ياكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە قىلغان سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ، مەسىلەن: **''ئۇلار: ' ئەگەر راستچىل بولساڭلار، بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ؟' دەيدۇ.(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى،' (بۇ ھەقتىكى) ئىلىم (يەنى قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشى) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، مەن پەقەت ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن' ''.** (سۈرە «مۈلك» [67-سۈرە]، 25-،26-ئايەتلەر)

''سەن ( ئۇ مۇشرىكلارغا): **'مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا، ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، دەپ ۋەھيى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت-ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەڭلار!' دېگىن، مۇشرىكلارغا ۋاي!''**... (سۈرە «فۇسسىلەت» [41-سۈرە]، 6-ئايەت)

'' ئېيتقىنكى، ' **سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار ھاياتى دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇلاقات بولۇشنى ئىنكار قىلغان، نەتىجىدە قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتكەن كىشىلەردۇر، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى (يەنى مۇنداق**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**كىشىلەرنى) قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز''.**(سۈرە «كەھف»[ 18-سۈرە]، 103—105-ئايەتلەر)

بۇ بىر نەچچە ئايەتتىكى بىرىنچى شەخس ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقى مەسىلىدە بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، بۇ يەردە بۇيرۇق پېئىل ''ئېيتقىنكى''، ''دېگىن'' سۆزلىرىنىڭ بولۇشى بۇنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرىدۇ.

4)ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىدىغان كىشىلىك ئالماشلار بەزىدە ئالمىشىپ، گىرەلىشىپ كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، 80-سۈرە_«ئەبەسە» سۈرىسىنىڭ باشتىكى بىر نەچچە ئايىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھمان قوبۇل قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتقاندا تەسادىپىي كېلىپ قالغان بىر ئەماغا ئۇنىڭ ئۇنداق سوغوق ۋە ئەدەبسىز مۇئامىلىدە بولماسلىقى كېرەكلىكى تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇچىنچى شەخس ئالماشمۇ، ئىككىنچى شەخس ئالماشمۇ قوللىنىلغان،مەسىلەن:'' **يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن ( پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. ( ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟(بەلكى) ئۇ ( سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىشى مۇمكىن، ياكى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن''.** (سۈرە «ئەبەسە» [ 80-سۈرە ]، 1—4-ئايەتلەر)

بۇ يەردە باشتىكى بىرىنچى ئايەتتىكى ئىككى ئۇچىنچى شەخس ئالماش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى_ئەما كەلگەن چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىپادىلىگەن دەسلەپكى مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۇچىنچى ئايەتتىكى ئىككىنچى شەخس ئالماشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرسىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەبسىزلىكى تەنقىد قىلىنىدۇ؛ لېكىن بۇ ئايەتتىكى 3-شەخس ئالماش بىلەن 4-ئايەتتىكى ئۇچىنچى شەخس ئالماش بولسا، كەلگەن ئەمانى كۆرسىتىدۇ. نەقىل ئېلىنمىغان ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەردىمۇ ئالماش ئالماشقان ئەھۋاللار بار، بۇنىمۇ پۈتۈن ۋەقەلىك ۋە تىل مۇھىتىدىن ھۆكۈم قىلىپ بىلىۋېلىش تەس ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە كىشىلىك ئالماشلار چىگىش، گىرەلىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەرگىز تۇراقسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، پەرقلەندۈرگۈسىز دەرىجىدە قالايمىقان ئەمەس، بۇلارنىڭ ھەممىسى موشۇ ئالماشلارغا ئالاقىدار ئىشلار، ۋەقەلىكلەر ياكى مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەرگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، مەزمۇنىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى مەنىسى ئارقىلىق بۇ ئالماشلارنىڭ زادى كىمگە قارىتىلىپ ئېيتىلغانلىقىنى تامامەن ئايدىڭلاشتۇرىۋېلىش مۇمكىن، بۇنىڭغا ئارتۇقچە ئىنچىكىلەپ چۈشەنچە بېرىش ياكى ئالاھىدە بەلگىلەرنى قويۇپ چىقىش كەتمەيدۇ.

### 3.ئايەتلەرنى قىرائەت قىلىش قائىدىسى(تەجۋىد)

ئومۇمەن «قۇرئان كەرىم»نى قىرائەت قىلىش قائىدىسىغا ناھايىتى ئېتىۋار بىلەن قارىلىدۇ.''قۇرئان '' دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىمۇ ''قىرائەت قىلىش''، '' ئاۋازلىق ئوقۇش'' دېگەن مەنىدە. « قۇرئان كەرىم»نى توغرا، يېقىملىق -تەسىرلىك ئاھاڭدا قىرائەت قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ بېجىرىشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. ئايەتتە:'' **قۇرئاننى تەرتىل بىلەن(يەنى دانە-دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن''** (سۈرە« مۇززەممىل» [73-سۈرە]، 4-ئايەت) دەپ چاقىرىق قىلىنغان، ئۇنى ئەستايىدىل ئوقۇپلا قالماستىن، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش كېرەك:'' **ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە**

**ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە جىم تۇرۇڭلار(يەنى سۆز قىلماڭلار). پەرۋەردىگارىڭنى ئۆزۈڭدىن قورققان ۋە يېلىنغان ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن،ئەتىگەندە - ئاخشامدا ئۇنى پەس ئاۋازدا زىكرى قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن''**.(سۈرە«ئەئراف» [ 7-سۈرە ]، 204-،205-ئايەتلەر)

«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش مەسىلىسى كۆپ جايلاردا تىلغا ئېلىنغان، ئاۋازنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن تارتىپ، سۈرئەتنىڭ تېز-ئاستا بولۇشىغىچە پرىنسىپال كۆرسەتمىلەر بېرىلگەن، مەسىلەن:''**...نامىزىڭدا(قىرائەتنى) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن،(مۆمىنلەر ئاڭلىيالماي قالماسلىقى ئۈچۈن) پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن**''.(سۈرە «بەنى ئىسرائىل» [ 17-سۈرە]، 110-ئايەت)

بۇ ئاۋاز ئۆلچىمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بولۇپ،«قۇرئان كەرىم»نى ھەم ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ يۇقىرى ئاۋازدا قىرائەت قىلماسلىق كېرەك، ھەم ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايدىغان تۆۋەن ئاۋازدا قىرائەت قىلماسلىق كېرەك. بۇ تەلەپ يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ئايەتتىكى تەلەپ بىلەن ئوخشاش. يەنە مەسىلەن: **''(ئوقۇغاندا) ئالدىراپ تىلىڭنى مىدىرلاتما''**. (سۈرە «قىيامەت» [ 75-سۈرە ]، 16-ئايەت)

بۇ سۈرئەت مەسىلىسى باشتا نەقىل ئېلىنغان '' **تەرتىل بىلەن (يەنى دانە-دانە، ئۈچۈق ) ئوقۇغىن**''( سۈرە «مۇززەممىل» 73-سۈرە 4-ئايەت) دېگەن ئايەتتىن تەلەپپۇز ئېنىق بولۇش، ھەرپلەر ئوچۇق چىقىش، تەمترىمەي بىمالال-تەمكىن، توغرا، دۇرۇس ئوقۇش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. نەقىل قىلىنغان '' تەرتىل بىلەن'' دېگەن سۆز ئەسلىدە '' تەرتىلا''، بولۇپ، ئەسلى جۈملىدە يەنە بۇ سۆزلۈكنىڭ بۇيرۇق پېئىل شەكلى قوللىنىلغان. بۇ سۆزلۈكنىڭ ئەسلى مەنىسى ''تەرتىپلىك-رەتلىك''، ''ئورۇنلۇق-جايىدا''، '' سىستېمىسى ئېنىق'' دېگەندەك مەنىلەردە بولۇپ، قىرائەت قىلىشقا قوللىنىلىدۇ ۋە '' تىل راۋان بولۇش''، '' ھەرپلەر ئوچۇق چىقىش'' دېگەن سۆزلەرگە يېقىن كېلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، «قۇرئان كەرىم»نى قانداق قىرائەت قىلىش مۇسۇلمانلار ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلە، ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان ئاللاھ ۋەھيىسىنىڭ ساداسى ئېنىقلا بىرىنچى بۇيرۇق پېئىلى '' ئىقرا'' (ئوقۇغىن**!**) دېگەن سۆز ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى ھۆرمەت بىلەن ئوقۇش ياكى ئاڭلاشقا ئومۇميۈزلۈك ئېتىۋار قىلىدۇ، ھەتتا بەزىلەر پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنى خاتالاشماي يادقا قىرائەت قىلالايدۇ ۋە ئۇلار ''ھافىز'' دەپ ئاتىلىدۇ، ھافىزلار ئۆزىنىڭ يادقا قىرائەت قىلىش ئىقتىدارى بىلەن، چوڭ سورۇنلاردا، ئامما ئارىسىدا قىرائەت قىلىش ئارقىلىق كۆپ ھاللاردا مەدھىيە سادالىرىنى قوزغىيالايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى مۇسۇلمانلار ئەللىرىدە خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسى ياكى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرگە قىرائەت ئۆمىكى ئەۋەتىپ سەييارە قىرائەت قىلىش پائالىيىتى دائىم بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ.

لېكىن «قۇرئان كەرىم»نى قىرائەت قىلىشنىڭ مەلۇم قىرائەت قائىدىسى بار، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئاللىبۇرۇنلا مەخسۇس بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەنگەن، بۇ ئىلىم ''ئىلمى تەجۋىد'' دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نى قىرائەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئاۋاز قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس پەندۇر.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى خەتتاب ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توپلانغان ئۆلچەملىك «قۇرئان كەرىم» نۇسخىسىدا مەزمۇننى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، ئوقۇش ئۇسۇلى قارارلاشتۇرۇلمىغان ئىدى. ئەرەبچە ھەرپلەردە سوزۇق تاۋۇش ۋە تاۋۇش بەلگىسى كەمچىل بولغانلىقى، ئۇنىڭ گىراماتىكىسى ۋە تەلەپپۇز (ئوقۇلۇش) قائىدىسى تېخى ئېنىق بېكىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئايەتلەرنى ھەر قايسى جايلاردا تۈرلۈك تاۋۇش لەھجىلىرىدە ئوقۇتۇش ۋە ئوقۇش، قىرائەت قىلىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ، خىلمۇ خىل ئوقۇش ئۇسۇللىرى شەكىللىنىش بىلەن، قىرائەت قىلىش جەھەتتە چوڭ جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ كىچىك جەھەتتىن پەرقلىق بولۇشتەك ھالەت مەۋجۇت بولغانىدى.

ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە گىراماتىكىشۇناس لۇھەيل ساكىن، مەد (سوزۇلما تاۋۇش) تەشدىد (تەشتۈت، قاتلانما تاۋۇش) بەلگىلىرىنى كەشپ قىلدى ھەمدە دۇئەيل تىنىش بەلگىلىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرىنى ئىسلاھ قىلدى. بۇ تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ ئايەتلەرنى يېزىشتا قوللىنىلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ھەم قىرائەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە گىراماتىكىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، تەسىرى زور نۇرغۇن تەجۋىدشۇناسلار مەيدانغا كەلدى، ئۇلاردىن يەتتە نەپەر ئاتاقلىق قىرائەت ئۇستازى (ئادەتتە ''يەتتە قارى'' دەپ ئاتىلىدۇ) نۇرغۇن شاگىرت قوبۇل قىلىپ ۋە ئوقۇتۇپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە قىرائەت ئۇسۇلى ۋە قائىدىسى بويىچە تەربىيىلەپ، پەيدىنپەي يەتتە چوڭ تەجۋىد ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى. بۇ يەتتە نەپەر ئۇستاز مۇنۇلار: (1)ئىبنى ئامىر (630—736)؛ (2)ئىبنى كەسىر (665 —738)؛(3)ئاسىم؟-745)؛ (4)ئەبۇ ئامىر(690—771)؛ (5) ھەمزە (700—773)؛ (6)نەفى (؟--785) (7) كىسەئى(؟--805)

يۇقىرىدىكى يەتتە ئۇستازنىڭ تەجۋىد ئۇسۇلىنى چوڭقۇر بىلىملىك كالامشۇناس ئىبنى مۇجاھىد (859—936) ئايرىم-ئايرىم ئەسەر يېزىپ شەرھىلىگەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ ئېتىۋارىغا مۇيەسسەر بولۇپ، يەتتە خىل ئوقۇش ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى رەسمىي ئوقۇش ئۇسۇلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. 933-يىلى مۇجاھىدنىڭ بىۋاسىتە رىياسەتچىلىكىدە ئەرەب خەتتاتلىقىغا ئۇستا ئىككى نەپەر ۋەزىر—ئىبنى مۇقرى بىلەن ئىبن ئىسا ئايەتلەرنىڭ ئوقۇلۇش (تەلەپپۇز) قائىدىسى ۋە گىراماتىكىلىق ئادەتلەر بويىچە جۈملە پېتى (تىنماي) ئوقۇش، ئوقۇلۇشنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، رېتىمى ۋە ھەرپلەرنىڭ ئاسمىلاتسىيە بولۇشى قاتارلىقلار جەھەتتىكى تىنىش بەلگىلەرنى قارارلاشتۇرۇپ، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دىكى تىنىش بەلگىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ يېزىش ئۇسۇلىنى ئاخىرقى تۈردە تاماملىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىلمىي تەجۋىد ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ باردى، بۇ ھەقتىكى ئەسەرلەرمۇ مول ۋە كۆپ تەرەپلىمە بولدى. '' شەيخۇل تەجۋىد''( تەجۋىد شەيخى) دەپ ھۆرمەت نامى ئالغان بىر مۇنچە تەجۋىد مۇتەخەسسىسلىرى، مەسىلەن، ئاندالۇزىيىلىك ئەبۇ ھەييان (؟--1334) قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى. بۇ جەھەتتىكى مەخسۇس ئەسەر --« غەززالى بايانلىرى» شەيخ مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد غەززالى (1350—1429) تەرىپىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالارنىڭ تەتقىقات مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى خۇلاسىلاش ئاساسىدا يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا قىرائەتنىڭ ئاساسىي بىلىملىرى بايان قىلىنىپ، ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلغان.

ھازىرقى زاماندىكى ئىلمى تەجۋىد تەرەققىي قىلىپ، گىراماتىكا، تىلشۇناسلىق،

فونولوگىيە(ئاھاڭشۇناسلىق) ئىلىملىرى مۇجەسسەملەشكەن ئۇنىۋېرسال پەنگە ئايلاندى، ئۇنىڭ تەتقىق قىلىدىغان ئاساسىي مەزمۇنلىرى : ئايەتلەردىكى ھەرپ، سۆز ۋە جۈملىلەرنىڭ قوشۇلۇپ يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنى ئىگەللەش ؛ئاۋازنىڭ يېنىك-ئېغىرلىقى ،ئېگىز-پەسلىكى، بوغۇملارنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى ۋە ئوقۇلۇشىنىڭ يوشۇرۇپ ئوقۇش، ئاشكارا ئوقۇش، تىنىپ ئوقۇش قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئاھاڭلاردا بولۇشىنى بەلگىلەش؛ ئالاھىدە سۈرە-ئايەتلەردىكى تىلاۋەت دۇئالىرى، رۇكۇ-سەجدىگە ئائىت بىلىملەردىن پىششىق خەۋەردار بولۇش؛ ئايەتلەرنىڭ بۆلەكلەرگە بۆلىنىش، تىنىش بەلگىسى قويۇلۇش، ھاشىيە بېرىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قائىدىلىرىنى ئىگەللەش... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تەجۋىد ئەھكاملىرى جەھەتتىمۇ نۇرغۇن تەپسىلىي بەلگىلىمىلەر بار، ئاساسلىقلىرى: (1) ساكىنلىق ''ن'' (نۇن) ۋە دىماغ ئاۋازلىق بەلگىلەرنىڭ ئوقۇلۇشى، جۈملىدىن يوشۇرۇپ (ئەل ئىخفائۇ) ئوقۇش، ئاشكارا (ئەل ئىزھار) ئوقۇش، بىرىكتۈرۈپ (ئەل ئىدغام) ئوقۇش، ئۆزگەرتىپ (ئەل ئىقلاپ) ئوقۇشتىن ئىبارەت تۆت خىل ئوقۇش ئۇسۇلى؛ (2) تەشتۈت بەلگىلىك ''ن'' (نۇن)نى ئوقۇش قائىدىلىرى؛(3) ساكىنلىق ''م''(مىم)نى ئوقۇش قائىدىلىرى، جۈملىدىن يوشۇرۇپ ئوقۇش، ئاشكارا ئوقۇش، بىرىكتۈرۈپ ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوقۇش ئۇسۇلى ؛(4) سوزۇپ ئوقۇش ۋە سوزماي (تېز) ئوقۇش قائىدىلىرى؛ (5) ئوقۇشتا توختاش ۋە ئوقۇشنى باشلاش قائىدىلىرى قاتارلىقلار. تەجۋىد ئەھكاملىرى ۋە بىلىملىرىنىڭ ھەممىسى ئەرەبچە ئايەتلەرنى ئۆلچەملىك ئوقۇشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ مىسال قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىقلا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ، ئەمما بۇنداق قىلىش بۇ كىتابىمىز ئوقۇرمەنلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قىزىقىدىغان مەسىلە بولماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا ئۇنى بۇ يەردە تەپسىلىي سۆزلىمەكچى ئەمەسمىز، ئەمما بىر نۇقتىنى بۇ يەردە دەپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەسلى نۇسخىسى (ئەرەبچىسى)نى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەجۋىد بويىچە توغرا ئوقۇشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، ئەرەب دۇنياسى ياكى ئىسلام ئەللىرىدە نەشر قىلىنغان «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسىدە تاۋۇش بەلگىلىرى قويۇلغان؛ساكىن بەلگىسى قويۇلغانلىكى يەردە ئۇنىڭ شۇ يەردە''يوشۇرۇپ ئوقۇش، ئاشكارا ئوقۇش، بىرىكتۈرۈپ ئوقۇش، ئۆزگەرتىپ ئوقۇش'' نىڭ قايسى خىلدا ئوقۇلىدىغانلىقى ئالاھىدە بەلگە بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ سوزۇپ ئوقۇش كېرەكمۇ، سوزماي (تېز) ئوقۇش كېرەكمۇ ياكى توختاش كېرەكمۇ دېگەندەك نۇقتىلارمۇ ئالاھىدە بەلگە بىلەن ئەسكەرتىلگەن؛ جۈملىلەر ئارىلىقىدا توختىلىدىغان ئورۇنلارمۇ نەچچە خىل بەلگە بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئىپادىلەنگەن، ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختىغان ياخشىمۇ ياكى توختىمىغان ياخشىمۇ دېگەن يەردە ئومۇمەن '' توختاش كېرەك''، '' توختاش چەكلىنىدۇ'' دېگەن بەلگىلەر بار، توختىسىمۇ بولىدىغان، توختىمىسىمۇ بولىدىغان جايلاردا '' توختاش ياخشى'' ياكى ''توختىماسلىق تېخىمۇ ياخشى''، ئىكەنلىكى بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن... . ئومۇمەن قىلغاندا قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلەرگە تولۇق ئەسكەرتىلمىلەر بېرىلگەن.

شۇڭا قۇرئان ئوقۇغۇچىلار ئەرەبچە «قۇرئان كەرىم»نى قولغا ئالغان ھامان، ئالدى بىلەن شۇ نۇسخىدىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن شەرتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەلگىلەر چۈشەندۈرۈشكە قاراپ بېقىشى كېرەك. بۇ شەرتلىك بەلگىلەرنىڭ مەنىسىنى پىششىق ئىگەللىۋالغاندىلا، قۇرئان ئوقۇشتا خاتا ئوقۇپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان دۆلىتى «قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلغان چاغدا ئالاھىدە سالماق ۋە ئېھتىياتچان بولىدۇ، ئۇنى يېزىشقا(تىزىشقا)، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشكە مەخسۇس ئىختىساسلىق خادىملارنى ئۇيۇشتۇرىدۇ، ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن بېسىشقا تاپشۇرىدۇ. موشۇنداق بېسىلىپ چىققان «قۇرئان كەرىم» ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى زور قولايلىق تۇغدۇرىدۇ.

شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئايەتلەرنى ئۆلچەملىك ئوقۇپ چىقىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. قۇررا (قارى)لارنىڭ سەۋىيىسى تۆت، بەش يىللىق ئەجىرسىز بۇ تەلەپكە يېتەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار نۇرغۇن شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك. تارىختا ئۆتكەن نوپۇزلۇق فەقىھلەر ۋە قۇررا ئىماملار ھەدىس شەرىفكە ۋە ساھابىلارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن، ئۇلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى مۇنداق بەلگىلىگەن:

1. ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ئۇنىڭ نازىل بولۇشتىكى ئارقا كۆرۈنۈشىنى (سەۋەبلىرىنى) توغرا، ئەتراپلىق چۈشىنىشى كېرەك؛

2. پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ قۇرۇلمىسىدىن پىششىق خەۋەردار بولۇشى، ھەرپ، سۆز، جۈملىلەرنىڭ ۋە ئايەت، سۈرە، پارىلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئىگەللىگەن بولۇشى لازىم؛

3. ئەرەب تىلى گراماتىكىسى، ئىستىلىستىكىسى، فونېتىكىسىنى ۋە ھەر خىل ئوقۇلۇشتىكى تاۋۇش بەلگىلىرىنى ئوبدان بىلىشى؛ ئۇنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى (ژانىرى) ۋە ئىستېتىكىسىنى ئىگەللىگەن بولۇشى كېرەك؛

4.ئوقۇش ئاھاڭى، رىتىمى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك سورۇنلارغا ئۇيغۇنلىشىشىنى ياخشى ئىگەللىگەن بولۇشى لازىم، مەسىلەن، نامازدا ئايەتلەرنى ئوقۇغاندا، ئاۋاز مۇۋاپىق بولۇشى، بەك يۇقىرى ياكى بەك تۆۋەن بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك؛

5. ئايەت مەزمۇنىغا ماس ھالدا خۇشاللىنىش، غەزەپلىنىش، قايغۇ-ھەسرەت ھېسسىياتلىرى ئىپادىلىنىشى؛ يوشۇرۇپ ئوقۇش، ئاشكارا ئوقۇش، تىنىپ ئوقۇش ئۆز لايىقىدا بولۇشى، جامائەتنى جەلپ قىلالىشى... لازىم.

قۇرئاننىڭ ئەسلى مەنىسى '' ئاۋازلىق ئوقۇماق'' دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاۋازلىق ئوقۇشقا ناھايىتى باپ كېلىدۇ. ئۇنى ئاۋازلىق ئوقۇشنىڭ سالمىقى ۋە تەسىرىگە قارىتا، غەيرى مۇسۇلمان ئالىملارمۇ بىرگە ئوخشاشلا چوڭقۇر ھېسسىياتتا بولغان.

فىلىپ.K. ھېتتى مۇنداق دەيدۇ:'' بۇ كىتاب ( «قۇرئان كەرىم»)كۈچلۈك، جانلىق بىر سادا، ئۇنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇغاندا، ئەسلى ئادەملەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئاڭلىيالايسەن...'' ( « ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»)

تۇماس لېبمان مۇنداق دەيدۇ:''ئوتتۇرا شەرقتە سەپەر قىلىۋاتقان ھەر قانداق بىر ساياھەتچى رادىئو ياكى تېلېۋىزورنى ئاچقان ھامان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالاھىدە ئاۋازى بىلەن دەرھال تونۇشىدۇ، بۇنى ئۇچىسىغا رىدا كىيگەن ئىمام ياكى موللىلار ئاستا رىتىمدا ۋە زىلزىلىلىك ياڭراق ئاۋازدا ئوقۇغان؛ ئوقۇغان چاغدا مەلۇم سالاپەت بولىدۇ، ئىككى قولىنى قولىقىغا ئاپىرىدۇ. بۇ خىل زىلزىلىلىك ئوقۇش ھەتتا ئايەتلەرنىڭ قۇدرىتى ۋە سېھرىي كۈچىنى بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنىمۇ

چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرگە ئۆتكۈزىدۇ. خۇددى لاتىنچە مىسانىڭ بىر مەھەل كاتولىكلار ئارىسىدا ئوينىغان رولىغا ئوخشاش، بۇ خىل سادامۇ، مەنىسىنى ئويلىمىغان تەقدىردىمۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر مەدەنىيەت ۋاستىسىنى شەكىللەندۈرەتتى''.(تۇماس لىبمانىنىڭ «ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار دۇنياسى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ)

گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى گيوتى (1749—1832)نىڭ تەسىراتى تېخىمۇ چوڭقۇر:'' «قۇرئان» قانچىلىك ئوقۇسىمۇ زېرىكتۈرمەيدىغان بىر كىتاب، ھەر بىر نۆۋەت ئوقۇشقا باشلىغاندا، ھامان ئۇنى تېخىمۇ يېڭى ھېس قىلىسەن، ئانچە ئۆتمەيلا ئۇ سېنى مەپتۇن قىلىۋالىدۇ، يۈرەك تارىڭنى تىترىتىدۇ، ئاخىر سەندە ئۇنىڭغا بولغان ئىززەت-ئىكرام پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىكى مەزمۇن ۋە ئاساسىي مەقسەتنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى ( ژانىرى) دا، ھەققانىيلىك بار، دەبدەبىلىك بار، ئۇلۇغۋارلىق بار،قىسقىسى، ئۇنىڭ تەنتەنىلىكلىكىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس،...بۇ كىتاب مەڭگۈلۈككە بىر خىل ئەڭ ئۇلۇغۋار قۇدرەتكە ئىگە''. ئەمەلىيەتتە گيوتىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا، مەيلى ئۇ يازغان شېئىرلار ياكى شېئىرىي درامىلار بولسۇن، قۇرئانىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، قىسمەن ئەسەرلىرى ھەتتا ئىسلام دىنى تېما قىلىنىپ يېزىلغان. ئەلۋەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ «قۇرئان كەرىم» قىرائىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى تەسىرلىنىشى جەزمەن تېخىمۇ قىزغىن، تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ ئورتاق ھېسداشلىققا ئىگە بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ ئوقۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ھەتتا ساۋاتسىز بەزى مۇسۇلمانلار گەرچە قۇرئانىنىڭ خېتىنى تونۇمىغاچقا ئۇنى بىۋاسىتە ئوقۇيالمىسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ بىلمەيدىغان بولسىمۇ، بەزى قىسقا سۈرىلەرنىڭ ئەرەبچىسىنى پىششىق يادلىۋالغان بولۇپ، نامازدا ياكى بىر مۇنچە دىنىي مۇراسىملاردا ئوقۇپ بېرەلەيدۇ. ئائىلىلەردە توي-تۆكۈن ياكى ئۆلۈم-يېتىم بولغاندا، ئاخۇنلارنى چىللاپ قۇرئان-تىلاۋەت قىلغۇزۇش ئادەتكە ئايلانغان. بۇ چاغدا ئۆزى ئوقۇيالايدىغانلار باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇيدۇ؛ ئوقۇيالمايدىغانلارمۇ بىر ياندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ زەڭ قويۇپ ئاڭلايدۇ، بۇ خىل قۇرئان ئوقۇتۇش ھەم سۈرلۈك ھەم تەنتەنىلىك بولىدۇ.

قاتتىق تەلەپ قويۇپ، تەجۋىد ئەھكاملىرى بويىچە ئۆلچىگەندە، مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىد ئۆلچىمى بويىچە توغرا، ئۆلچەملىك ئوقۇپ كېتەلىشى ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس، چۈنكى ئۇ قانداقلا بولمىسۇن چەتئەل تىلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، بۇ زېمىندا قوللىنىلىدىغان تىللارمۇ كۆپ، خەنزۇچە قوللىنىدىغانلار ئارىسىدىمۇ نۇرغۇن شىۋە-لەھجىلەر مەۋجۇت. ھەر قايسى رايونلاردا ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى قۇرئان ئوقۇش-ئوقۇتۇش ئۆز ئالدىغا بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، تەلەپپۇزدا پەرقلەرمۇ يوق ئەمەس. لېكىن مەيلى ئوقۇشنى ئۆگەتكۈچىلەر ياكى قىرائەت قىلىپ بەرگۈچى ئاخۇنلار بولسۇن، شۇنداقلا ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىپتىدائىي تەلىم ئالغان دىنىي قېرىنداشلار ياكى تالىپلار بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جىددىي، ئەستايىدىللىق بىلەن ، پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ، ھەرپلەرنىڭ تاۋۇشىنى توغرا ئىگەللەشكە، ئېنىق قوشۇپ ئوقۇشقا، ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىرائەت قىلىشقا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىرىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇزاق يىللار داۋامىدا، ھەر قايسى رايونلار، ھەر قايسى مەسچىت -مەدرىسلەردە ئوقۇش قائىدىسى، ئوقۇش ئۇسلۇبى جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس قىرائەت ئېقىملىرى شەكىللەنگەن. لېكىن ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن بىر مۇنچە ئىخلاسمەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارمۇ جۇڭگوچە قىرائەتكە ناھايىتى قىزىقىپ قېلىۋاتىدۇ،ئۇلار بۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، ھەتتا لېنتىغا ئېلىۋېلىپ خاتىرە قالدۇرۇۋاتىدۇ.

مۇسۇلمانلار قۇرئان ئوقۇشقا، ئومۇمەن فىقھە بەلگىلىمىلىرى بويىچە ناھايىتى ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە بولىدۇ؛ مەسىلەن، قۇرئان ئوقۇش ئالدىدا: ئاۋۋال غۇسلى قىلىپ، ياكى غۇسلىلىق بولسا تاھارەت ئېلىۋېتىپ ئاندىن قۇرئان ئوقۇيدۇ ياكى قۇرئاننى تۇتىدۇ. چۈنكى « قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە « ۋاقىئە» (56-سۈرە 77-79-ئايەتلىرىدە: ''**شەك-شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ساقلانغاندۇر. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ**''دېيىلگەن. قۇرئان ئوقۇش جەريانىدا: ئوقۇشنى پاناھلىق كەلىمىسى (''ئەئۇزۇ'') بىلەن باشلايدۇ، ئاندىن ھەر بىر سۈرىدىن ئاۋۋال '' تەسمىيەھ'' (يەنى''بىسمىللاھ'')نى ۋە سۈرە «فاتىھە»نى ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى ئوقۇماقچى بولغان (تاللىغان) سۈرە-ئايەتلەرنى ئوقۇيدۇ. '' پاناھلىق كەلىمىسى'' (''ئەئۇزۇ'') نىڭ قىسقىچە مەنىسى ''ئاللاھتىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ساقلاشنى تىلىمەك'' دېگەنلىكتۇر. بۇ كەلىمە «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنۇ ئايىتىدىن كەلگەن: ''**سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتاننىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن**''. (سۈرە«نەھل» [16-سۈرە]، 98-ئايەت)

'' تەسمىيەھ''-«تەۋبە» سۈرىسى (9-سۈرە) دىن باشقا سۈرىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا كېلىپ جەزمەن ئوقۇلىدىغان باشلىنىش كەلىمىسى: ''بىسمىللاھىرەھمانىررەھىم'' ( ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دېگەن كەلىمىدىن ئىبارەت.

سۈرە «فاتىھە» پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» نىڭ بېشىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدىلا جەزمەن ئوقۇلۇپ قالماستىن، ئۇنى ئوقۇش تۆرلۈك دىنىي مۇراسىم، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلغان چاغدىمۇ ھەممىدىن ئاۋۋال قىلىنىشقا تېگىشلىك رەسمىيەتتۇر.

«قۇرئان كەرىم» دىن ئوقۇلىدىغان مەزمۇن، ئۇنى ئوقۇش ئۇسۇلى ئاساسەن ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. مەسىلەن، بەزىدە پارە تەرتىپى بويىچە پىلانلىق تۈردە كۈنىگە بىر پارىدىن ئوقۇپ، بىر ئايدا پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» بىر رەت ئۆتكۈزۈلىدۇ ( ئادەتتە رامىزان ئېيىدا كۆپرەك موشۇنداق ئوقۇلىدۇ)؛ مەلۇم بىر خاتىرە كۈنى، تەبرىكلەش پائالىيىتى بولغاندا «خەتمە قۇرئان» دىن تاللاپ ئوقۇلىدۇ ياكى پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ باش-ئاخىرىدىكى ئۇششاق سۈرىلەر تاللاپ ئوقۇلىدۇ؛ بەزىدە شەخسلەر ياكى ئائىلىدىكىلەر تاللاپ ئوقۇيدۇ، بەزىدە كوللېكتىپ ئوقۇلىدۇ. كوللېكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا، تەڭ ۋاقىتتا ھەر كىم بىر پارىدىن ئايرىم-ئايرىم ئوقۇيدۇ ياكى ئولتۇرغانلارنىڭ قاتار تەرتىپى بويىچە نۆۋەت بىلەن ئۆز ئالدىغا ئوقۇپ چىقىدۇ ( ھەر بىر ئادەم نۆۋەت بىلەن بىر قانچە سۈرە ياكى ئايەتلەرنى ئوقۇيدۇ) ۋە ياكى بىر ئادەم ئوقۇيدۇ، باشقىلار ئاڭلايدۇ. موشۇنداق ئوقۇشلارنىڭ ھەممىسىدە سۈرۈن باشتىن-ئاخىر سۈرلۈك جىمجىتلىق ھالەتتە بولىدۇ.

قۇرئان ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئادەتتە ھەممەيلەن قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان ئوقۇش رەسمىيىتى ئاخىرلىشىدۇ.

يۇقىرىقىدەك قۇرئان ئوقۇش رەسمىيىتى كۆپىنچە مەسچىتلەردە ياكى ئائىلىلەردە بېجىرىلىدۇ. بۇ خىل ئاددىي-ساددا ۋە قەدىمىي، ئەمما سۈرلۈك ۋە تەنتەنىلىك ئۇسۇل، بىر ئىگىز، بىر پەس ئاۋازدا، بىر يوشۇرۇن، بىر ئاشكارا، بىر تىنىۋېلىپ چىقىدىغان ساددا ۋە يەرلىك لەھجىلەردىكى ئاھاڭلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەي كەلگەن ئەنئەنە سۈپىتىدە مىڭلاپ يىللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قۇرئان ئوقۇش مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ۋە چىن قەلبىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

(تەرجىمە قىلغۇچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر

**ئۈرۈمچى شەھىرىدىن:**

1. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن: **ئابدۇرېھىم ھاجى ئىمىن** 1000 يۈەن؛

2. **خالىس ئىئانىچى** 100 يۈەن؛ 4. **مۇخپۇل سىيىت** 50 يۈەن؛ 6. **مۇنەۋۋەر** 50 يۈەن؛

3. **ئەمەر قاسىم** 100 يۈەن؛ 5. **رەشىدە ئوسمان** 50 يۈەن؛ 7. **مەمەت تۇرسۇن** 20 يۈەن؛

8. ئۈرۈمچى شىمىگو رايونى دۆڭ مەھەللە **مەسچىت جامائىتى** 50 يۈەن؛

**كورلا شەھىرىدىن:**

1. **تۇرسۇن قادىر** 500 يۈەن؛ 4. **ئابلا توختى** 50 يۈەن؛ 7. **ياسىن تۇردى** 10 يۈەن؛

2. **ئەيسا قارى ھاجى** 500 يۈەن؛ 5. **نىيازخان** 20 يۈەن؛ (ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: **يۈسۈپجان**)

3. **ھەمدۇل ئىمىن** 100 يۈەن؛ 6. **زۇنۇن گاھىت** 10 يۈەن؛

**ئونسۇ ناھىيىسىدىن:**

1. **مونىياز ئېزىز** 50 يۈەن؛ 6. **ئابدۇكېرىم تۆمۈر** 30 يۈەن؛ 11. **مۇسا شەيخ قارى** 30 يۈەن؛

2. **موللا ئىمىن ھاپىز** 50 يۈەن؛ 7. **ئابلا مۇھەممەت ھاجى** 30 يۈەن ؛ 12. **مەتنىياز رەمتىل** 30 يۈەن؛

3. **مۇسايۇپ قارى؛** 50 يۈەن؛ 8. **قۇربان ئابابەكرى** 30 يۈەن؛ 13. **مەمتىمىن ئابلا ھاجى** 25 يۈەن؛

4. **ئىسلام قۇربان** 50 يۈەن؛ 9. **موللا مەمتىل ھاجى** 30 يۈەن؛ 14. **تۇردى يۇنۇس** 10 يۈەن؛

5. **ھېكىم مەمتاۋۇلا** 30 يۈەن؛ 10. **ياسىن سالى** 30 يۈەن؛ (ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: **دايىم داۋۇت**)

**پوسكام ناھىيىسىدىن:**

1. **زىننەت ئۆمەر** 99 يۈەن؛ 4. **سەمەت تالىپ** 20 يۈەن؛ 7. **خەلچىخان** 5 يۈەن؛

2. **مۇھەممەت توختى** 30 يۈەن؛ 5. **رابىيە ھەسەن** 10 يۈەن؛ 8. **گۈلىخان ھاجە** 5 يۈەن؛

3. **تۇرسۇن ئىمىن** 20 يۈەن؛ 6. **ئامانگۈل** 10 يۈەن؛ 9. **مەرىيەم** 5 يۈەن؛

1. تولى ناھىيىسىدىن: **لەمخان ھاجە** 300 يۈەن؛ 2. قومۇل شەھىرىدىن : **زەينەپگۈل** 100 يۈەن:

3. كۇچا ناھىيىسىدىن: **يۈسۈپ قۇربان ھاجى** 60 يۈەن؛ 4. شىخەنزە شەھىرىدىن: **مۇھەممەد ھاجى** 50 يۈەن؛

5. مارالبېشى ناھىيىسىدىن: **ھوشۇر ۋاسىل** 50 يۈەن؛ 6. خوتەن شەھىرىدىن: **ئانارگۈل سالى** 34 يۈەن؛

7. توققۇز تارا ناھىيىسىدىن: **مەخمۇت ئىلاخۇن** 30 يۈەن؛ 8. تۇرپان شەھىرىدىن: **شى شېڭخۋا ھاجى(خۇيزۇ)** 25 يۈەن؛

9. باي ناھىيىسىدىن: **نىياز قادىر** 20 يۈەن؛ 10. بۆرتالا شەھىرىدىن: **مۇھەممەتجان سىدىق** 20 يۈەن؛

11. كېرىيە ناھىيىسىدىن: **ئابدۇۋەلى سۇلايمان** 19 يۈەن؛ 12. كېرىيە ناھىيىسىدىن: **سۇلايمان سۇۋاق** 19 يۈەن؛

13. مايتاغ رايونىدىن: **ھەببە مامۇت** 10 يۈەن ؛ 14. مايتاغ رايونىدىن : **باھارگۈل** 10 يۈەن ؛

15. بۆرتالا شەھىرىدىن **خەيرىنىسا مۇھەممەت** 10 يۈەن ؛ 16. كېرىيە ناھىيىسىدىن: **ياسىن سۇلايمان** 4 يۈەن؛

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سۈرە «فاتىھە»نىڭ مەزمۇن ۋە ئەدەبىيلىك جەھەتتىكى تەڭداشسىزلىقى

رىشىت ئاخۇن

بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم

( ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن )

## 1. سۈرە «فاتىھە»نىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

سۈرە «فاتىھە» يەتتە ئايەت بولۇپ، «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم»ئۇنىڭ بىرىنچى ئايىتى، بۇ تەسمىيە پەقەت سۈرە«فاتىھە»دىلا بىرىنچى ئايەت بولۇپ كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۈرىلەر (سۈرە « تەۋبە» [9-سۈرە]دىن باشقا)نىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىدا كەلسىمۇ، ئەمما ئايرىم ئايەت ھېسابلانمايدۇ. بۇ ئايەت 19 ھەرپتىن تۈزۈلگەن. كېيىنكى ئالتە ئايەتتىكى تەكرار ئوقۇلىدىغان ( يەنى قوش ئوقۇلىدىغان) ھەرپلەرنى ئايرىپ، ئىككى ھەرپ دەپ ھېسابلاپ قارىغاندا، ئالتە ئايەتتە جەمئىي 133ھەرپ بولىدۇ. بۇ 19 نىڭ يەتتە ھەسسىسىگە باراۋەر بولىدۇ. بۇ ئالتە ئايەت قىرائەت قائىدىسى بويىچە ئوقۇلغاندا 95 بوغۇم ئۇزۇنلىقىدا ئوقۇلىدۇ. ('' يا''ئىككى بوغۇم ئۇزۇنلىقىدا، '' ضآل'' تۆت بوغۇم ئۇزۇنلىقىدا دەپ ھېسابلىغاندا) بۇ سان 19 نىڭ بەش ھەسسىسىگە باراۋەر بولىدۇ.

بۇ ئالتە ئايەتنى قىرائەت قائىدىسى بويىچە ئوقۇپ، تۆت تىنىقتا ئوقۇپ تاماملىغاندا تۆۋەندىكىدەك ھالەت شەكىللىنىدۇ:

(1) اَلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعلَمِينَ ا الرَّحْمنِ الرَّحِيْمِ ملِكِ يَوْمِ الدِّيْنِ

(2) اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَاِيَّاكَ نَسْتَعِينُ

(3) اِهْدِ نَاالصِراطَ الْمُسْتَقِيْمَ صِراطَ الَّذِيْنَ اَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ

(4) غَيْرِالْمَغْضُبِ عَلَيْهِمْ وَلاَالضَّآلِّيْنَ

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،1-قۇر، 2-قۇر ۋە 4-قۇرلار قاپىيە بېسىپ كەلگەن. بۇ شەكىل جەھەتتە خۇددى بىر كۇپلېت قوشاقنىڭ شەكىل ھالىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ ھەم يەنە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى ئوقۇغاندا ، 1-قۇر بىلەن 3-قۇرنىڭ ۋە 2-قۇر بىلەن 4-قۇرنىڭ (ۋاقىت) تىنىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەڭ بولىدۇ. گەرچە بۇ قۇرلارنىڭ بوغۇم سانى ئۆز ئارا تەڭ بولمىسىمۇ، ئەمما '' وَلاَالضَّآلِينَ'' دېگەنگە ئوخشاش بەزى بوغۇملار ئۇزۇن سوزۇپ ئوقۇلغاچقا، 1-قۇر بىلەن 3-قۇر ۋە 2-قۇر بىلەن 4-قۇرنىڭ ئوقۇلغان چاغدىكى تىنىق ئۇزۇنلۇقى تەڭ بولىدۇ.

ئەگەر تېز سۈرئەتتە ئوقۇلسا ، يەنى 1-، 2-قۇرنى بىر تىنىقتا، 3-، 4-قۇرنى بىر تىنىقتا ئوقۇسىمۇ، يۇقىرىقىدەك گۈزەل رىتىم شەكىللىنىدۇ (باشقا ھەر قانداق بىر تىلغا تەرجىمە قىلىنغاندا يۇقىرىقىدەك گۈزەللىكنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ).

## 2. سۈرە «فاتىھە» نىڭ ئەدەبىيلىك ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

گراماتىكا قائىدىسىدە '' مەن'' دېگەن سۆز سۆزلەۋاتقان كىشىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بىرىنچى شەخس دېيىلىدۇ، ئىككىنچى شەخس '' سەن'' دېگەن سۆز ''سۆزلەشكۈچى، چاقىرىلغۇچى، ھوزۇرىدا بولغان '' دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ئۈچىنچى شەخس '' ئۇ'' نىڭ مەنىسى بولسا ''ھوزۇرىدا بولمىغان'' دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۈرە «فاتىھە»نىڭ ئالدىنقى تۆت ئايىتى ئۈچىنچى شەخسلىك بايان تۈسى بويىچە نازىل قىلىنغان، يەنى: '' **جىمى**

**ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر**''(2—4- ئايەتلەر)، ئاخىرقى ئۈچ ئايىتى بولسا،گىرامماتىكىلىق ئادىتىدىن ھالقىپ بىراقلا ئىككىنچى شەخسلىك بايان تۈسى بويىچە نازىل قىلىنغان، يەنى:'' **( رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا ( باشلىغىن)** ''.( 5—7- ئايەتلەر)

باياننىڭ شەخسلىك قانۇنىيىتى (شەخسلىك بايان ئىزچىللىقى ) بويىچە بولغاندا ، كېيىنكى ئايەت ئالدىنقى ئايەتكە ماس ھالدا '' بىز پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمىز...'' دېيىلسە بولاتتى.ھالبۇكى، يۇقىرىقىدەك نازىل قىلىنىشىنىڭ ھېكمىتى شۇكى ، بۇ سۈرىنى موشۇنداق ئوقۇغاندا ئوقۇغان ئادەمنىڭ دىلى ئاللاھ تائالاغا تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى، مېھرىبان، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكى قىرائەت قىلغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىنى يورۇتىدۇ، دىلىنى نۇرلاندۇرىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتتىكى ئىككىنچى شەخس بىۋاسىتە قاراتمىلىقتا،خىتابقا، مۇناجات تۈسىگە ئىگە بولغاچقا ئادەمنىڭ روھىنى ئىختىيارسىز تىترىتىدۇ ۋە ئېتىقادىمىزنى روشەن، پاك، يۈكسەك بىر روھىي مەنزىلگە يېتەكلەيدۇ.

'' **جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر**''. جىمى مەخلۇقات ئاللاھنىڭ مەدھىيىگە لايىق ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. مۇكەممەل شەكىلگە ۋە ياشاش قانۇنىيىتىگە ئىگە مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ كامىل ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. خۇددى ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك: **''يەتتە ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ**'' (سۈرە« بەنى ئىسرائىل» [17-سۈرە]، 44-ئايەت ) بىز مۇسۇلمانلار تىلىمىز بىلەن، دىلىمىز بىلەن، ھەرىكىتىمىز بىلەن ئاللاھنى مەدھىيىلەيمىز. روشەنكى، تىل دىلنىڭ ئاۋازى، ھەرىكەت دىلنىڭ نامايانىدۇر.

نېمىشقا جىمي ھەمدۇ-سانا ئاللاھ تائالاغا خاس دېيىلىدۇ؟ چۈنكى، ''**(ئاللاھ)ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى**''. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مەدھىيىگە لايىق ئەڭ يۈكسەك ئۇلۇغلۇقىنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى تىلغا ئېلىنغان. بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالا ئىنساننى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈردى ھەم بارلىق مەخلۇقاتنى ئىنسانلارغا پايدىلىنىدىغان قىلىپ بەردى؛ ئىككىنچىدىن، ئاللاھ تائالا بىزگە ئەقىل، بىلىم ئاتا قىلدى، بىزنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ھىدايەتكە يېتەكلىدى، ئاجىزلىقتىن كۈچلەندۈردى ۋە چىدامىلىق قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئەنە شۇنداق بىھېساب نېمەتلىرى ئۈچۈن بىز ئۇنى مەدھىيىلەيمىز . بىلىۋېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، شەپقەتلىك ئاللاھ تائالا بىزگە بەرگەن نېمەتلىرى ئۈچۈن بىزدىن ھەق تەلەپ قىلمايدۇ، ئەجىبا بۇلار بىزنىڭ '' **جىمى ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر**'' دېيىشىمىزگە ، ئاللاھ ياراتقان ۋۇجۇدىمىزنىڭ يۇقىرى نۇقتىسى بولغان بېشىمىز ۋە تۆۋەن نۇقتىسى بولغان پۇتىمىزنى تۈزلەپ، ھىممەت-شەپقەتتە تەڭداشسىز ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىشىمىزغا ھەقلىق ئەمەسمۇ؟!

'' **ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر**'' ئاللاھ تائالانىڭ شەپقىتى كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقات بىلەندۇر، ئاللاھ تائالا مەخلۇقات بىلەن ئىنسانلارغا تۇرمۇش يولىنى ھازىرلاپ بەردى؛ ئاللاھ تائالا ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىلەر، يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۆمىنلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. مېھرىبان ئاللاھ تائالا تەقۋادار مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئاخىرەتتە گۇناھلىرىدىن مەغپىرەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. شۇڭا "**ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر**" دەپ ئوقۇلىدۇ.

"**قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر**". بۇ ئايەتنى ئوقۇغاندا قىيامەتنىڭ ھالىتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى قىيامەت كۈنى ئېنىقلىنىدۇ. شۇڭا قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدە تۇتىشىمىز ئۈچۈن بۇ ئايەت نازىل قىلىنغان.

ئەگەر بىز گۇناھ قىلماقچى بولساق، ھەتتا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز قىلماقچى بولساق، بۇ ئايەتنى ئوقۇش بىلەن گۇناھ يولىدىن قايتىپ، دەرھال ئاللاھقا تەۋبە قىلىمىز؛ ئەگەر بىز ساۋابلىق ئىش قىلماقچى بولساق، بۇ ئايەتنى ئوقۇش بىلەن، ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتىدىن خۇشاللىنىپ، ئاخىرغىچە تىرىشىشقا ئاللاھدىن ياردەم تىلەيمىز. بىز ئاللاھقا بولغان ئېتىقادىمىزنى رۇسلاپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلساق،ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلساق، ئاللاھ تائالا جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېمىتى ۋە رەھمىتىنى ئويلىغاندا، بۇ ئۆمرىمىزدە "**بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز**" دەپ ئوقۇماسلىقىقا، ھەرىكەت قىلماسلىقىقا يەنە نېمە ئاساسىمىز بار؟ ئاللاھ تائالا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان بولغانلىقى ھەم قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ:" **بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز**" دەيمىز. بۇ ئايەتنى يالغۇز تۇرۇپ ئوقۇغان ئادەممۇ بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بويىچە "مىز" دەپ ئوقۇيدۇ. "بىز" بارلىق مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشتا باي-كەمبەغەللىك پەرقى بولمايدۇ، ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىشتا باي بولسۇن ياكى نامرات بولسۇن، ھوقۇقدار بولسۇن ياكى ئاۋام پۇقرا بولسۇن، ھەممە ئادەمنىڭ ھەقتائالا ئالدىدا باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇ ئايەت بىرىنچى شەخس كۆپلۈك بويىچە "بىز" دەپ نازىل قىلىنغان، بۇ يەردە يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر گەۋدىدەك ئىتتىپاق بولۇشىمۇ كۆزدە تۇتۇلغان. ئېنىقكى، ئەگەر ئۇ ئايەت "مەن" دەپ ئوقۇلسا شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنمەنلىك تەبىئىيلا پەيدا بولۇپ، ھەتتا كۆچىيىپ قالىدۇ. ئۇ ئايەتنىڭ ئۇنداق نازىل قىلىنمىغانلىقىنىڭ ھېكمىتى شۇ يەردە.

ئاللاھ تائالادىن باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن، ئايەتتە "**بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز**" دېيىلگەن. ئىبادەت قىلىش ئىتائەت قىلىشنىڭ يۇقىرى نۇقتىسى بولۇپ، پەقەت ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا لايىقتۇر. ئىبادەت قىلىش ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياخشى ئەمەللەر بەش پەرز بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، تۇرمۇشتىكى بارلىق ھالال، ياخشى ئىش-ھەرىكەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بىز ئاللاھ تائالاغا ئىخلاسمەن بولساق بىزنىڭ سۆز-ھەرىكىتىمىزنىڭ ھەممىسىدە ياخشى ئەمەللەر مەۋجۇت بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشنى مۇكەممەل دەرىجىدە ئورۇنلىيالمايمىز ھەم پۈتۈنلەيلا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ كېتەلمەيمىز. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن :" **بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز** "دەپ ئوقۇيمىز ۋە بۇنىڭغا ئۇلاپلا: "**بىز سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز**" دەپ ئوقۇيمىز. بىز ئەڭ زور تىرىشچانلىقىمىز بىلەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ پەللىسىگە يېتىشىمىز ئۈچۈن

ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيمىز. توغرا يولغا ئېرىشىش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش ياخشى ئەمەللەرنىڭ پەللىسىدۇر، شۇڭا بىز يەنە ئۇلاپلا :'' **بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)**'' دەپ ئوقۇيمىز.

'' **بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن**'' دەپ ئوقۇشتىكى سەۋەپ شۇكى، توغرا يولدا بولۇشىمىز ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىشىمىزدىكى ئەڭ ئاخىرقى نىشانىمىزدۇر. ئۇشبۇ ئايەتنىڭ روھىدىن بىلىنىدۇكى، ئەگەر بىز ئاللاھ تائالانىڭ توغرا يولدا كېتىۋاتقان بولساق شۇ يولدا چىڭ تۇرۇشىمىز، توغرا يولدىكى ھەرىكەت مىقتارىمىزنى ئاشۇرىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتى ۋە يېتەكچىلىكىنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ چوڭ دائىرىدە يىغىنچاقلاپ باقساق تۆۋەندىكىدەك تۆرلەرگە بۆلىنىدۇ : (1) ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئادىمي ئاڭ ۋە ئەقىل ئاتاقىلىپ ، ئىنساننىڭ ھەق-يالغاننى ، ياخشى-ياماننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىدى، جۈملىدىن ئۇنىڭغا تاللاش ئەركىنلىكى بەردى؛(2)ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەۋەتتى ۋە كىتاب نازىل قىلدى ( ئەڭ ئاخىرقى كىتابىمىز«قۇرئان كەرىم»دۇر)؛ (3) ئاللاھ تائالا ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىرىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق ،يەنىلا گۇمراھلىقتا يۈرگۈچىلەرگە راست-يالغاننىڭ ئىسپاتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئاگاھ بېرىدۇ؛ (4) ئاللاھ تائالا ئىلھام-بىشارەت ياكى راستقا ئايلانغان چۈش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن دىللارنىڭ پەردىسىنى ئاچىدۇ؛

''**سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)**''. بۇ يول شەك-شۈبھىسىز توغرا يول بولۇپ، پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىتلەر، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ يولىدۇر، خۇددى ئاللاھ تائالا ئېيتقاندەك:'' **كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە ) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ( يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمە دېگەن ياخشى ھەمراھلار!**''. (سۈرە «نىسا» [4-سۈرە]، 69-ئايەت)

ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. '' **ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر**'' (سۈرە «ئىبراھىم» [14-سۈرە]،34-ئايەت) ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىنى بۇ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ دۇنيالىق نېمەتلەر: تەبىئەت، ئېكولوگىيىلىك تەكشۈلۈق، ھاياتلىق ، ئادەمگە ئەقىل-تەپەككۇر ئاتا قىلىنىپ زېمىننىڭ خەلىپىسى قىلىنغانلىقى، ئادەمدىكى مۇكەممەل ۋۇجۇد (ئەقىل قۇۋۋىتىنىڭ تەن قۇۋۋىتىگە مۇجەسسەم بولغانلىقى)، تەن ساغلاملىقى، چىراي گۈزەللىكى، يېمەك-ئىچمەك،كىيىم-كېچەك ......قاتارلىقلار.ئاخىرەتلىك نېمەت بولسا،مېھرىبان ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەنلەرنى ئازابقا سالمايدۇ، پانىي دۇنيادىكى نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى جەننەتكە سازاۋەر قىلىدۇ.

ئايەتتە ئېيتىلغىنى ئاساسلىقى ئاخىرەتلىك نېمەتنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ دۇنيالىق نېمەتتىن مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ھەممىسى بەھرىمەن بولىدۇ.

'' **غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس**'' دەپ ئوقۇشتىكى سەۋەب، ناتوغرا يولنى ئېنىق پەرق ئېتىش ۋە ئۇنىڭدىن يىراق بولۇش ئۈچۈندۇر، يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ قىلىدىغان ۋە نادانلىق قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغانلاردىن ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۇچۇندۇر. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقىدىغانلار ئاللاھنىڭ ھىممىتىنى، ھىدايىتىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ قارشى چىققۇچى مۇناپىق، رەزىل ئادەملەردۇر. **''ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرىي نەرسە مەۋجۇت ئەمەس''** (سۈرە«يۇنۇس»[10-سۈرە]، 32-ئايەت) ئازغانلار ئاساسلىقى مۇشرىكلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراش ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئەڭ ئۇچىغا چىققىنى: ھەقىقەتنى ئېنىق تۇرسىمۇ قوبۇل قىلماسلىق؛ تۆۋەنرەكى: كىچىككىنە ساۋابلىق ئىشنىمۇ قىلماسلىقتۇر.

### 3. سۈرە « فاتىھە»نى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **'' قۇرئاندىكى ئەڭ ئەۋزەل سۈرە''اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِينَ،(جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر) دۇر''.** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:**'' ئاللاھ تائالا بىر بەندىگە بىرەر نېمەتنى بەرگەن بولسا، بەندە' اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ '(جىمي ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر) دېسە، ئۇنىڭ شۈكرانىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ؛ يەنە ئىككىنچى دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ ساۋابىنى يېڭىلايدۇ، ئۈچ قېتىم دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ''.**

(ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان) ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:'' ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:**' مەن نامازنى ئۆزەم بىلەن بەندەم ئارىسىدا ئىككى بۆلەككە بۆلدۇم، بەندەم ئۇچۇن سورىغان نەرسىسى تېگىشلىكتۇر.ئەگەر بەندە: 'اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعٰلَمِينَ ' دېسە، ئاللاھ :' مېنىڭ بەندەم مېنى مەدھىيىلىدى' دەيدۇ؛ ئەگەر: 'اَلرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ' (ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان) دېسە، ئاللاھ : ' مېنىڭ بەندەم مېنى تەرىپلىدى ' دەيدۇ. ئەگەر:' مٰلِكِ يَوْمِ الدِّيْنِ ' (قىيامەتنىڭ ئىگىسىدۇر) دېسە، ئاللاھ: ' مېنىڭ بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى' دەيدۇ. ئەگەر ' اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَاِيَّاكَ نَسْتَعِيْنُ' ( <رەببىمىز >ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز) دېسە، ئاللاھ: ' بۇ بولسا مەن بىلەن بەندەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، بەندەم ئۇچۇن ئۇنىڭ سورىغىنى تېگىشلىك' دەيدۇ. ئەگەر: ' اِهْدِ نَاالصِّرَا طَ الْمُسْتَقِيْمَ صِرَاطَ الَّذِيْنَ اَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِالْمَغْضُبِ عَلَيْهِمْ وَلَاالضَّآلِّيْنَ ' ( بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا <باشلىغىن>)''دېسە ، ئاللاھ : ' بۇ بەندەم ئۇچۇندۇر، بەندەم ئۇچۇن ئۇنىڭ سورىغانلىرى قوبۇل بولىدۇ' دەيدۇ ''.**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن : **'' سۈرە «فاتىھە» ھەر بىر كېسەل ئۇچۇن شىپادۇر''.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:**'' سۈرە « فاتىھە» ئەرشنىڭ ئاستىدىكى خەزىنىدىن نازىل قىلىنغان''.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: **'' بىر بەندە بىر ئۆيدە سۈرە «فاتىھە» ۋە «ئايەتۇلكۇرسى»نى ئوقۇمىسا، شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئىنسان ياكى جىننىڭ كۆزى تېگىدۇ''.**

سۈرە «فاتىھە» ئوقۇلغاندا ئۇلاپ '' ئامىن'' دېيىلىدۇ. ئوقۇغاندا ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرغان تەلەپپۇز بىلەن '' ئامىن'' دەپ، '' مىن'' نى سوزۇپ، يېنىمىزدىكىلەر ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا ئوقۇيمىز. بۇنىڭ مەنىسى:'' ئى ئاللاھ ! تىلىكىمىزنى ئىجابەت قىلغىن!'' دېگەنلىكتۇر. ''ئامىن'' دېگەن بۇ سۆز «قۇرئان كەرىم» ئايىتى ئەمەس، بەلكى دۇئادۇر.

ئى ئاللاھ! بىز ساڭىلا سەجدە قىلىمىز، تىلەكلىرىمىزنى ئىجابەت قىلغايسەن-ئامىن!

---

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايوندىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# جىھاد دىگەن نىمە؟
# جىھادنى قانداق چۈشەنگەندە توغرا بولىدۇ؟

ئابدۇۋەھاب سۇڭ ئىنلىن

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مىھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەھلى جامائەت، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا ئېيتىدۇركى : قوله تعالى: [ و لَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّى نَعْلَمَ الْمُجَاهِدِينَ مِنكُمْ و الصَّابِرِينَ و نَبْلُوَا أَخْبَارَكُمْ .] '' بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ كىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (ئاللاھنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە( جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر''. (سۈرە «مۇھەممەد» [47-سۈرە]، 31-ئايەت) بۇ ئايەتتىكى ''جىھاد قىلغۇچىلار''، ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ، دىمەك، ئاللاھ يولىدا كۈرىشىش (تىرمىشىش) جىھاد ھىسابلىنىدۇ.

## 1 . جىھادنىڭ مەنىسى

''جىھاد''--ئەرەبچە سۆز بولۇپ،''كۈرىشىش'' ، ''كۈرەش قىلىش''، ''تىرىشچانلىق كۆرسىتىش''، '' جاپا چىكىش'' دىگەندەك مەنىلەرگە ئىگە، ئۇ ئومۇمەن '' مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن پۈتۈن ئىقتىدارنى بېغىشلاش'' قا قارىتىلغان. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دىيىلگەن: قولِهِ تعالِي: [و مَنْ جَاهَدَ فَإِنَّمَا يُجَاهِدُ لِنفسِهِ إِن الله لَغنِيٌّ عَنِ العَالَمِينَ ''كىمكى جىھاد قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغان جىھادى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، ئاللاھ تامامەن ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر''. (سۈرە «ئەنكەبۇت» [ 29-سۈرە]، 6-ئايەت)

«قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دىيىلگەن: قولهِ تعالِي: [يُجَاهِدُون فِي سَبِيلِ اللهِ و لا يَخَافُون لَوْمَةَ لائِمٍ ] '' ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدۇ ''. (سۈرە «مائىدە» [5-سۈرە ]، 54-ئايەت) ئۆلىمالار موشۇنىڭدەك ئايەت-ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ جىھادنى '' ئاللاھ يولىدا كۈرىشىش'' دىگەن كۆچمە مەنىدە قوللىنىدۇ، بۇنىڭدا ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىمانى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىمكانىيەتىنىڭ بىرىچە جارى قىلدۇرۇشىنى كۆزدە تۇتىدۇ. روشەنكى ، جىھاد سۆزىنىڭ تۈپ مەنىسى '' كۈرىشىش'' دىمەكتۇر.

مىسىر دىن ئىشلىرى ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد ھەمدى زۇقزۇق ئۆزىنىڭ «ئىسلام دىنىنى بۇرمىلايدىغان بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى تۈزىتەيلى!»دىگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ''غەرب دۇنياسى مۇسۇلمانلارنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى بۇرمىلاپ 'مۇقەددەس ئۇرۇش' دەۋالدى. ئەمەلىيەتتە ، ئىسلام دىنى 'مۇقەددەس ئۇرۇش' دىگەن ئاتالغۇنى ئىبتىراپ قىلمايدۇ. ئىسلام دىنى ئۇرۇشنى ھەققانىي ئۇرۇش ۋە ھەققانىي بولمىغان ئۇرۇش دەپ ئىككى خىلغا ئايرىيدۇ. 'جىھاد' (الجهاد) سۆزى، 'جۇھد' (جهد) سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى 'شەخس ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش' دىگەنلىك بولىدۇ، ئۇ يەنە ئىككى قاتلام مەنىگە ئىگە، بىرىنچى قاتلام مەنىسى شەخسىنىڭ روھىي جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچى قاتلام مەنىسى، ھەققانىي توغرا ئۇرۇشتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچى قاتلام مەنىدىكى غەيرەت بىلەن تىرىشىش 'چوڭ جىھاد' دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ شەخسنىڭ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ھەممە گۇناھ ۋە ئازغۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، قەلبىنى پاكلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك گۇناھلاردىن بولۇپمۇ ھەسەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق، ئۆچمەنلىكلەردىن يىراق بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. باشقا شەكىلدىكى جىھادلار 'كىچىك جىھاد' دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى ھەققانىي، توغرا ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت''.

**2. كىچىك جىھاد**

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەڭ مەيدانىدىن قايتىپ كېلىپ، يېنىدىكىلەرگە: '' **بىز كىچىك جىھادتىن چوڭ جىھادقا قايتىپ كەلدۇق**'' دېگەن. شۇڭا بىز جىھادنى ''كىچىك جىھاد'' ۋە ''چوڭ جىھاد''دەپ ئايرىيمىز. ''كىچىك جىھاد'' دېگىنىمىز تار مەنىدىكى جىھاد بولۇپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ نوقۇل ھالدا ئىسلام ئىمانى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە قارشى تۇرۇش، ھەققانىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرەشنى كۆرسىتىدۇ. ''كىچىك جىھاد'' شەرتلىك ''جىھاد''تۇر.

ئىسلام دىنىمىز تىنچلىقنى سۆيىدىغان دىن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەقىقەت ۋە ھەق دىنىنى تەرغىب قىلىشقا ئەۋەتكەندىن كېيىن،باشتىن تارتىپلا رەسۇلۇللاھ ''ھېكمەت'' ۋە ''ياخشى نەسىھەت'' ئارقىلىق كىشىلەرگە تەربىيە بەرگەن، كىشىلەرنى ھەرگىز قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرمىغان، بەلكى ئىسلام دىنىنى زورلۇق ئىشلەتمىگەن تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن تەرغىب قىلغان.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىن تەرغىب قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا، قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرى مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان، پەيغەمبىرىمىزنى مەسخىرە-مازاق قىلغان ۋە ئۇنىڭغا زەربە بەرگەن. بۇ مەزگىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىر ئاھانەتكە ئۇچرىغانىدى؛ ئەمما، «قۇرئان كەرىم»دە: **قوله تعالى**: [ فاصفح عنهم و قل سلام فسوف يعلمون .] '' **سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، (ئۇلارغا سالام دېگىن ( يەنى ئۇلارغا بەددۇئامۇ قىلمىغىن)، ئۇلار كەلگۈسىدە (كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ**'' (سۈرە «زۇخرۇف» [ 43-سۈرە ]، 89-ئايەت) دېيىلىپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزنى تار مەنىلىك جىھادنى قوللىنىشقا بۇيرۇمىدى، بەلكى سەۋر-تاقەت بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇدى. «قۇرئان كەرىم»دە: **قوله تعالى**: [ فلا تطع الكافرين و جاهدهم به جهادا كبيرا .] '' **شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن ، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى (پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۈرەش قىلغىن**'' (سۈرە «فۇرقان» [ 25-سۈرە ]، 52-ئايەت ) دېدى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ خىل كۈرەشمۇ جىھاد بولۇپ، چوڭ جىھادتۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەزگىلدە جىھاد ئېلىپ بارغاندا، پەقەتلا «قۇرئان كەرىم»گە ۋە بەزى ئېنىق دەلىل-پاكىتلارغا تايانغانىدى. ئۇزاق مەزگىل تىنچ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىنمۇ مۇسۇلمانلار يەنىلا مەككە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زوراۋانلىق زۇلۇمىغا ئۇچراۋەردى، ئۇلارنىڭ ھاياتى تەھدىت ئاستىدا قالدى، بۇ چاغقا كەلگەندە ، « قۇرئان كەرىم»دىكى:**قوله تعالي**:[أذن للذين يقاتلون بأنهم ظلموا] ''**ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا ، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، ( قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى**'' (سۈرە «ھەج» [22-سۈرە]، 39-ئايەت ) دېگەن ئايەت نازىل بولىدى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئاندىن قوراللىق كۈرەشنى باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ

دىنىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى، ئەمما ئاللاھ تائالا يەنىلا قورال كۆچى ئىشلىتىشكە چەك قويدى. مەسىلەن، مەككە فەتھى قىلىنىش ئالدىدا، قۇرەيش لاگىرىدىكىلەر سۈلھى قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئۇرۇشۇش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: قَولِه تَعالَى: [ و إِنْ جَنَحُوا لِلسَّلْمِ فَاجْنَحْ لَهَا و تَوَكَّلْ عَلَى اللهِ ] '' **ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن** '' (سۈرە «ئەنفال» [8-سۈرە] ، 61-ئايەت) دېگەن ۋەھيى كەلدى. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، ئىسلام دىنى جىھاد قىلىش شارائىتى ھازىرلانغان ئەھۋالدىمۇ، ئالدى بىلەن تىنچلىقنى تاللىغان، ئامال بولمىغاندىلا ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزنى يىغىنچاقلىغاندا، كىچىك جىھاد تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك، بولمىسا كۆچكە ئىگە بولمايدۇ:

(1) كىچىك جىھاد تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشتۇر. تاشقى دۈشمەنلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، ئىسلام دىنى ۋەتەنىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ گۈزەل يۇرتى ئۈچۈن، ئەجدادى ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى ئۈچۈن، ئۇلارغا قارشى ئاتلىنىپ تاقابىل تۇرۇش يولىدا كىچىك جىھاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئانِ كەرىم»دە كۆرسەتكەنىدەك: قَولِه تَعالَى:[ وَ قَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونكُمْ و لا تَعْتَدُوا إِنَّ اللهَ لاَ يُحِبُّ المُعْتَدِينَ.] ''**سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار**''. (سۈرە «بەقەرە» [ 2-سۈرە ]، 190-ئايەت) 1937-يىلدىكى ''7-ئىيۇل'' ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغانلىقى موشۇ تىپقا كىرىدۇ، مەسىلەن، ئوتتۇرا خېبېي مۇسۇلمانلار قوشۇنى، بوخەي مۇسۇلمانلار قوشۇنى قاتارلىقلار ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلىنىش ئالدىدا، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى بەلگىلىمىسى بويىچە غۇسلى-تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ ئاندىن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ، يۇرتىنى ۋە ۋەتىنىنى قوغدىغان.

(2) كىچىك جىھاد مۇسۇلمانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىنى ۋە راۋاج تېپىشىنى قوغداش ئۈچۈن، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنىڭ ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆزىنى قوغداش ھەرىكىتىدۇر. ئىسلام دىنى بەلگىلىگەن ''كىچىك جىھاد'' ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن، شۇڭا، قارشى تەرەپ ئالدى بىلەن قورال كۆچى ئىشلەتكەندىلا ، ئاندىن ''قانغا قان، جانغا جان'' دەپ، جىھاد قىلىش كېرەك؛ بولمىسا تاجاۋۇز قىلغۇچى بولۇپ قالىدۇ، [و لا تَعْتَدُوا إِنَّ اللهَ لا يُحِبُّ المُعْتَدِينَ .] '' **تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ**''. (سۈرە «بەقەرە» [2-سۈرە]، 190-ئايەت) شۇڭا ئالدى بىلەن قورال كۆچى ئىشلىتىش ياكى قورال كۆچىنى چەكتىن ئېشىپ (تاجاۋۇز قىلىشقا) ئىشلىتىش ئاللاھ ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىق بولمايدۇ-دە، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلمەيدۇ، كىچىك جىھاد قىلغانلىق بولمايدۇ.

(3) كىچىك جىھاد شەخسلەرنىڭ ئۆز مەيلىچە ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى داھىيلىرىنىڭ چاقىرىقى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشكىللىك ھەرىكەت. تارىختا ، ئۇرۇش قىلىش بۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، خەلىفىلەر ياكى ئىماملار

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىۋاسىتە چىقارغان ھەمدە بۇ ئۇرۇشلارغا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىۋاسىتە قوماندان بولغان. دېمەككى، كىچىك جىھاد قىلىش ئەزەلدىن ئوچۇق-ئاشكارا، دەبدەبىلىك بولىدىغان ھەرىكەت، ھېلىقىدەك يوشۇرۇن پارتىلىتىش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە باشقا زوراۋانلىق-تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئىسلام دىنىدىكى ”كىچىك جىھاد“ ئەمەس، بەلكى قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتتۇر.

ئىسلام دىنىمىزنىڭ تەشەببۇسىدا ”كىچىك جىھاد“ پەرز كۇپايە بولۇپ، شەرتلىك؛ ئۇنى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئادا قىلىشى شەرت ئەمەس، ئەمما ”كەڭ مەنىدىكى جىھاد“، يەنى چوڭ جىھاد پەرز بولۇپ، شەرتسىز، ئۇنى قىلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئۆزئاتا-ئانىسىغا ۋاپادار بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ”كىچىك جىھاد“ قا قاتنىشىش مەجبۇرىيىتىنى ساقىت قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”**ئى رەسۇلۇللاھ! مەن دىن يولىدا جىھادقا چىقماقچىدىم، ئالاھىدە سىزدىن مەسلىھەت سورىغىلى كەلدىم**“ **دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاناڭ بارمۇ؟“ دېدى، ئۇ ئادەم: ”بار“ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىل، چۈنكى جەننەت ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا“** دېدى.

### 3. چوڭ جىھاد

چوڭ جىھاد مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ئاساسىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ۋە كۈرەشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۆزىنىڭ قەلبىنى پاكلاشقا قارىتىلغان، يەنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قەلبىدىكى بارلىق گۇناھىيلىق، ئازغۇنلۇقلارنى، بولۇپمۇ ھەسەدخورلۇق، گۇمانخورلۇق، ئۆچمەنلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلاشنى، بۇ ئارقىلىق نەزەر دائىرىسى كۆڭلى-كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، ئاللاھ يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي بەخت-سائادىتى ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەقىقەت ۋە ھىدايەت يولىدا ئىزدەنگەن ۋە بۇ يولدا كۈرەش قىلغان بولۇپ، بۇ چوڭ جىھادتۇر. ھازىرقى كۈندە، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەنىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، تەرەققىياتى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز چوڭ جىھادتۇر. بۇنى ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ۋە خىزمىتىدە كونكرېتلاشتۇرغاندا، ئۇنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول. مەسىلەن:

(1) تىرىشىپ ئۆگىنىش چوڭ جىھاد ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىغا كىرسە ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ**“ دېگەنىدى. بىز ئىسلام ھىدايىتىنى ئۆگىنىشىمىز، ئىسلامنىڭ تىنچلىق روھىنى ئىگەللىشىمىز، جىھادنىڭ توغرا مەنىسىنى ئىگەللىشىمىز، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بۇرمىلاپ ئەسەبىيلىك قىلىشقا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. بىز يەنە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. يۈكسەك سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئۆگەنمەسلىك، يېڭى بىلىملەرنى ئىگەللىمەسلىك ئۆزىنى نابۇت قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىلىمى ۋە مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان بىر ئادەم ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلالمايدۇ.

(2) ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەش يولىدا تىرىشىش چوڭ جىھاد ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **[اعمل لدنياك كأنّك تعيش أبدا و اعمل لأخرتك كأنك تموت غدا .]** ”**بۇ دۇنيالىقىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن، گويا مەڭگۇ ياشايدىغاندەك؛**

**ئاخىرەتلىكنىڭ ئۈچۈن تىرىشقىن ، گويا ئەتىلا ئۆلىدىغانەدەك،،** دېيىش بىلەن ، مۇسۇلمانلارغا ئاخىرەتلىك ئەمەللەرنى ياخشى ئادا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ئاكتىپ مېھنەت قىلىش (ئىشلەش)، ھەممە ئىشتا تىرىشچان بولۇش ئارقىلىق، بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشاشنى تەۋسىيە قىلغان. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن : قوله تعالى : [ إنا جَعَلْنا مَا عَلَى الأرضِ زِينَةً لَهَا لِنبلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً.] **'' ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىننىتى قىلدۇق''.** (سۈرە «كەھف» [18-سۈرە ] ،7-ئايەت) بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ كاللا ئىشلىتىپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، ئوڭۇشسىزلىقلاردىن قورقماي، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھام بېرىلگەن، شۇڭا تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، كىمنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى بولغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىز لازىم.

(3) كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىش قىلىشتىن توسۇش چوڭ جىھادتۇر. ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىشلەپ تاپقان مال-مۈلكىنى تۈرلۈك خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ، جۈملىدىن ئاتا-ئانىغا ۋاپادارلىق قىلىش، خوتۇن-بالىلىرىنى بېقىش، يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، نامراتلارنى قۇتقۇزۇش قاتارلىقلارغا ئاتىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى چوڭ جىھاد قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشتا باشلامچى—ئۈلگە بولغان، پاك-ديانەتلىك بولغان، ئادىل ئىش قىلغان، ھەققانىيەتنى قوللىغان ھەمدە قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇپ، ئەخلاق مىزانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلغانلار ۋە ئاللاھ رازى بولىدىغان بارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى چوڭ جىھاد قىلغۇچىلاردۇر. جەمئىيەتتىكى ھەققانىي ئىشلار ئۈچۈن يامان ئادەم، يامان ئىشلار بىلەن كۈرەش قىلىش، مەسىلەن: ئىپپەت نومۇسنى سېتىش، پاھىشۋازلىق قىلىش، شەھۋانىي بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش، ئاياللار ۋە بالىلارنى ئالداپ سېتىش، زەھەر سېتىش ۋە چېكىش، يىغىلىپ قىمار ئويناش، خۇراپاتلىقتىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىنى قاقتى-سوقتى قىلىپ ئېلىۋېلىش قاتارلىقلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدىكى چوڭ جىھاد ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ قىلمىشلار ئىسلام دىنىدا يا ھارام، يا كۇفرلىققا ياتىدۇ. بۇ قىلمىشلارنى ئىسلام دىنى مەنئىي قىلىدۇ، جەمئىيەتمۇ ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ '' كىشىلەرنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇپ ، يامان ئىش قىلىشتىن توسۇش'' تەلىپىگە ئاساسەن ، بۇ قىلمىشلارغا قارشى جىھاد قىلىش ھەم ئىسلام دىنىنىڭ ئەمرى ھەم جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى.

«قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىلىدۇكى : قوله تعالى: [ كنتمْ خيْرَ أمَّةٍ أخرجَت للنَاس تَأمُرُون بِالمَعْرُوفِ و تنهَوْنَ عَنِ المُنْكَر ] **''سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر''.**(سۈرە «ئال ئىمران»[ 3-سۈرە]، 110-ئايەت) چوڭ جىھاد مۇسۇلمانلاردىن كىچىك ئىشلار ئۈستىدە ھېسابلىشىپ ئولتۇرماستىن،چوڭ ئىشلار جەھەتتە كۈرەش قىلىشنى، خىزمەت ، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا جۇشقۇن بولۇپ، ئاكتىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ ، توختىماي كۈرەش قىلىپ، دەۋر قەدىمىگە يېتىشىپ '' ئەڭ ياخشى ئۈممەت،، بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

"جىھاد" بىلەن "ئۇرۇش" ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىمۇ "جىھاد" (الجهاد) بىلەن "ئۇرۇش" (القتال) بىر سۆز ئەمەس، بۇ ئىككىسىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى بار. «قۇرئان كەرىم» دە ئېيتىلغاندەك: قولە تعالى: [ يَسْئَلُونَكَ عَنِ الشَّهْرِ الحَرَامِ قِتَالٍ فِيهِ قُلْ قِتَالٌ فِيهِ كَبِيرٌ...] "(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: ‹ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟› دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، ‹بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر...›" (سۈرە «بەقەرە» [2-سۈرە]، 217-ئايەت) ئەگەر "جىھاد" سۆزى "زوراۋانلىق" ۋە "ئۇرۇش" دەپ چۈشەندۈرۈلسە، "جىھاد"نىڭ تۈپ مەقسىتىدىن چەتنىگەنلىك بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىمىزنى يىغىنچاقلىغاندا، شۇنىسى ئايدىڭكى، جىھاد قىلىش دېگەن ئۇرۇش قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، قاتىللىق قىلىش دېگەنلىك تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى كۈرەش قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنىمىز ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرمەيدۇ، بەلكى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچلىقنى سۆيۈشىدە، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ۋە ھەققانىيەتنى قوغداشتىن سىرت ئۇرۇش قوزغاشقا يول قويۇلمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: قولە تعالى: [ أُدْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالحِكْمَةِ وَ المَوْعِظَةِ الحَسَنَةِ...] "پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن..." (سۈرە «نەھل» [16-سۈرە]، 125-ئايەت) دېيىلگەن. شۇڭا بىگۇناھ ئادەملەرنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈش جىھاد ئەمەس، بۇنداق قىلىش ساۋابقا تېگىل بولمايدۇ، ئەكسىچە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: قولەتعالى:
[ مَنْ قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَاسَ جَمِيعًا وَ مَنْ أَحْيَاهَا فَكَأَنَّمَا أَحْيَا النَاسَ جَمِيعًا ] "كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ؛ كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەب بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ". (سۈرە «مائىدە»، [5-سۈرە]، 32-ئايەت) قولە تعالى: [ وَ لاَ تَقْتُلُوا النَفْسَ التِي حَرَّمَ اللهُ إِلاَّ بِالحَقِّ ذَالِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ .] "ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ" ( سۈرە «ئەنئام» [6-سۈرە]، 151-ئايەت). شۇڭا غەيرىي مۇسۇلمانلارنى ناھەق ئۆلتۈرۈش ناھايىتى چوڭ گۇناھ بولۇپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە، مۇسۇلمانلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ جىھاد قىلىشقا چاقىرىق قىلىش سەۋەبلىرى يېتەرلىك، شەرتلىرى تولۇق ئىدى. ھازىرقى كۈندە دەۋر ئوخشىمايدۇ، جەمئىيەت يۈكسەلدى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا، مەملىكىتىمىزدە مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى يولغا قويۇلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىمىزغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىمىز كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدى، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر مىللەت چوڭ ئائىلىسى ئىچىدە بەختلىك ياشىشىمىز كاپالەتكە ئىگە بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا، كىچىك جىھاد قىلماقچى بولۇش، "كاپىر" لارنى ئۆلتۈرمەك بولۇش توغرا ئەمەس، بۇنداق قىلىش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بەختلىك، تىنچ-ئامان تۇرمۇشىغا



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ ھەرگىز ئىسلام دىنىمىزدىكى جىھاد ئەمەس بەلكى جىھاد ئىدىيىسىنى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە بۇرمىلىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەھلى جامائەت! ئىسلام دىنىدىكى جىھادنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇ ئىسلام دىنى كىشىلەرگە تەلىم بەرگەن بىر خىل ھاياتلىق مۇساپىسى، ئاكتىپ تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلىشكە بۇيرۇيدىغان ھاياتلىق مۇئامىلىسىدىن ئىبارەت. ئىسلام ھىدايىتىگە ئۇيغۇن بولغان كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى جىھاد ھېسابلىنىدۇ. ھېچ ئىش قىلماي بىكار يۈرۈش، تىرىكتاپ-ھورۇنلۇق، ئىشنىڭ يەڭگىلىنى تاللاپ ئېغىرىدىن قېچىش ئىدىيىسى ۋە قىلمىشلىرى جىھادقا خىلاپ. بىز باتۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، چوڭ جىھاد روھى بويىچە، جەمئىيەتتىكى ناچار ئەھۋاللارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلايلى! ئۆزىمىزدىكى رەزىل ئىدىيىلەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلايلى! نامراتلىق ۋە قالاقلىققا قارشى جەڭ ئېلان قىلايلى! ئۆزىمىزگە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەشتەك كۈرەش روھى بىلەن ئىلھام ۋە مەدەت بېرەيلى! تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، بۇ دۇنيالىق بەختلىك تۇرمۇش يارىتايلى! ئاللاھ تائالا بىزگە كۈرەش قىلىدىغان غەيرەت، ئەقىل-پاراسەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي—ئامىن!

(تەرجىمە قىلغۇچى: شەمشىدىن ھاجى)

---

(بېشى 50-بەتتە)

مېڭىۋاتقانلارغا سالام بېرىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلار دىندا ۋە ئادىمىيلىكتە باراۋەر؛ ماڭغۇچىنىڭ ئولتۇرغۇچىغا سالام قىلىشى ماڭغۇچىنىڭ ئولتۇرغۇچى تەرەپكە كەلگىنى ئۈچۈندۇر. ئازچىلىقنىڭ كۆپچىلىككە سالام قىلىشى ئىسلامدا جامائەتنىڭ شەنىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. مۇبادا ئۇنداق بولمىسا ئازچىلىق كۆپچىلىكنىڭ ئۆزلىرىگە سالام قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى كاتتا ساناپ، مەغرۇرلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا، ئىسلام ئۇلارنىڭ كەمتەر بولۇشى ئۈچۈن شۇنداق ۋاجىپ قىلغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىر كۈنى مەسچىتكە چىقىپتۇ، جامائەت تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ، ئۇ جامائەتكە: ” **ئۇنداق قىلماڭلار، سىلەر جامائەت، مەن بولسام بىر شەخس، مەن سالام قىلىمەن، سىلەر جاۋاب قايتۇرىسىلەر**“ دەپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى—كىمكى ئارتۇقراق ھالەتتە بولسا، ئۆزىدىن تۆۋەنرەككە سالام بېرىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا مەغرۇرلۇقتىن ساقلانغىلى ۋە كەمتەر بولغىلى بولىدۇ.

شۇنداقلا يەنە ئىنسان ئۆيگە كىرگەندە ئەھلى بەيتىگە (ئۆي ئىگىلىرىگە) سالام قىلىپ كىرىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ” **سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۇلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) ئاللاھ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار، (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار)**“. ((سۈرە «نۇر» [24-سۈرە]،61-ئايەت)

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! مانا بۇلار ئىسلامدىكى سالامنىڭ ئەدەپ، ھۆكۈم، ھېكمەت ۋە پەزىلەتلىرى. بىزنىڭ بۇلارنى بىلىشىمىز ھەم پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆگىتىشىمىز ۋاجىپ. شۇنداق قىلغاندا پەرزەنتلىرىمىز توغرا يولدا يېتىشىپ چىقىپ، دۇرۇس ئادەم بولىدۇ، ئاللاھ تائالامۇ بۇنىڭ ساۋاب-ئەجرىنى بېرىدۇ.

---

(ئاپتور: شىنجاڭ سوتسىيالىزىم ئىنستىتۇتىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سالامنىڭ ھېكمىتى، پەزىلىتى ۋە ئەدەب-قائىدىلىرى

تاھىرجان ھاجى ياقۇپ

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

سالاملىشىش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاق تىپىدىكى سۆپەتلەرنىڭ بىرىدۇر، بالىلىق چاغلىرىمدا دادام مېنى دائىم گۈزەل سەھرادىن شەھەرگە بىللە ئېلىپ كىرەتتى. شۇ چاغدا دادامنىڭ كۆرگەنلىكى ئادەملەرگە ''ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم'' دەپ سالام قىلىپ ئۆتكىنى ھېلىمۇ شۇنداق ئېسىمدە. دادامنىڭ ئۇ ئىشى مېنى ئىختىيارسىز خۇشال قىلاتتى، دادام شۇنچە كۆپ ئادەملەر بىلەن تونۇشامدىغاندۇ ؟ دەپ ئويلايتتىم. ئەپسۇس، ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ، بۈگۈنگە كەلگەندە بولسا، كىشىنى مەمنۇن قىلىدىغان ئاشۇ گۈزەل ئەدەپ-قائىدىلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ''ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم''،دېيىش (سالاملىشىش) يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. مېنى چوڭقۇر ئويغا سالغىنى شۇ بولدىكى، ناتونۇش ئادەملەر ئۇياقتا تۇرسۇن،بىر مۇنچە تونۇش ئادەملەرمۇ سالاملىشىشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ، دەۋر رىتىمىنىڭ تېز ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئايىغى چىقماس ئىشلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ، تاسادىپىي ئۇچراشقانلىرىدا بىر-بىرىسىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، بىر ئېغىزمۇ تىنچلىق سوراشمايدىغان غەلىتە ئەھۋاللار يۈز بەرمەكتە، ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنىمىز ۋە مىللىي ئەخلاقىمىزدىكى ''ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم'' نىڭ ئىززەت-ئېتىبارى سۇسلاشماقتا. تېز رىتىمدىكى بۇ دەۋرنىڭ ئۇچۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئادەملىرىمىزنىڭ ئېڭىغا بەكلا سىڭىپ كېتىۋاتامدۇ- قانداق، ئەنئەنىۋىي ئەخلاق-پەزىلىتىمىز، ئەدەپ-قائىدىلىرىمىز بارغانچە يوقاپ، ياتلىشىپ ياكى غەيرىيلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق رېئال ئاساس-سەۋەبلىرى باردۇر ، ئەمما ئاساسلىق گەپ ئۆزىمىزدە، ئۆزىمىز ئەنئەنىۋي ئىسلام مەدەنىيىتىمىز ۋە گۈزەل ئەدەپ-قائىدىلىرىمىزنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتىمىز ھەم قەدىرلىيەلمەيۋاتىمىز ، ھازىرقى ئاتا-ئانىلار باللىرىغا ئۇ جەھەتتە ئۈلگە بولالمايۋاتىدۇ.

سالامنىڭ ئەڭ تۆۋىنى '' ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم'' دېمەكتۇر، ئوتتۇراھالراقى ''ۋەرەھمەتۇللاھ'' نى قوشۇپ ئېيتىشتۇر، ئۇنىڭ تولۇقراقى '' ۋەبەركاتۇھۇ'' نى زىيادە دېيىشتۇر. سالام قىلىش دېگەن ياخشىلىققا دۇئا قىلىش دېمەكتۇر، سالام قانچىلىك زىيادە ، تولۇقى بىلەن ئاشۇرۇپ قىلىنسا ، دۇئامۇ شۇنچىلىك زىيادە قىلىنغان بولىدۇ. دېمەك، سالامنى باشلاش شۇنداق بولىدۇ. سالامغا جاۋاب بېرىشتە بولسا، پەرز ۋە مۇستەھەپ جاۋاب بېرىشلەر بار : سالامغا ئوخشاش جاۋاب قايتۇرۇش، يەنى سالام بەرگۈچى قانداق سالام بەرگەن بولسا شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇش پەرز ھېسابلىنىدۇ، زىيادە قىلىپ جاۋاب قايتۇرۇش بولسا مۇستەھەپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **''سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار ( يەنى بىر كىشى 'ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم' دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا 'ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەركاتۇھۇ' دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار ( يەنى 'ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام' دەڭلار)''** (سۈرە «نىسا» [ 4-سۈرە ]، 86-ئايەت) دېمەك، سالامنىڭ ياخشىسى مۇستەھەپ بولغان جاۋابنى قايتۇرۇشتۇر،

ئۇنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇش بولسا پەرز بولغان جاۋابنى قايتۇرۇشتۇر.

'' سالام'' لەۋزى '' سىلەر ئاللاھنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا'' ، ''خاتىرجەملىك ۋە سالامەتلىك سىلەرگە يار بولسۇن'' دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە بولۇپ، سالام مۇسۇلمانىنىڭ ئۆز قېرىندىشىغا قىلغان دۇئاسىدۇر.

مۇسۇلمانلار سالاملىشىپ بىر-بىرى بىلەن تونۇشسا، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىنى يارىتىشتىكى غايىلىرىنىڭ بىرسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بولىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلار بىر-بىرى بىلەن سالاملىشىپ، تونۇشسا ئىناقلىشىپ ئۆتىدۇ، دوستلىشىدۇ ۋە بىر-بىرىگە يار-يۆلەكتە بولۇشىدۇ؛ ئەكسىچە، مۇسۇلمانلار سالامنى ئۇنتۇسا، ئەلۋەتتە بىر-بىرىنى تونۇمايدۇ، ئۆز ئارا ئىززەت-ئېتىبار قىلىشمىسا ئارىدىن ئىناقلىق كۆتۈرۈلۈپ، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك شەكىللىنىپ ، ياخشىلىقنىڭ ئورنىنى يامانلىق ئىگەللەپ كېتىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن:'' (پۈتۈن سۆز-**ھەرىكىتىڭلاردا) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ''.** (سۈرە «ئەنفال» [8-سۈرە]، 46-ئايەت)

سەلەپ-سالىھلىرىمىز ئىززەت-ھۆرمەت، تەرەققىيات ۋە كامالەتكە بىكار ئېرىشمىگەن، ئۇلار سالامنى ئومۇملاشتۇرۇپ قىلىشقان، تونۇشقان، دوستلاشقان. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ:'' **ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى''** (سۈرە « ئال ئىمران» [3سۈرە] ، 103-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ''سالام'' نىڭ جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبى بولىدىغانلىقىنى ، سالام قىلسا جاۋاب بەرمىگەن كىشىنىڭ پەرز بولغان ئىشنى تەرك قىلغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:'' **ئىمان كەلتۈرمىگۈچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، دوست بولمىغۇچە ئىمان كەلتۈرەلمەيسىلەر، مەن سىلەرگە شۇ ئىشنى قىلساڭلار دوست بولىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ دىققەت قىلىڭلاركى: ئۆز ئارا سالامنى ئومۇمۇق قىلىڭلار''** (ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان) يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:'' **ساھابىلاردىن ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىردى، ئاۋۋالقىسى 'ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم' دېدى، پەيغەمبىرىمىز سالامغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ: 'ئون ياخشىلىققا ئېرىشتى' دېدى. ئىككىنچى ئادەم:' ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ' دېدى. پەيغەمبىرىمىز سالامغا جاۋاب بېرىپ، ئۇ كىشى ئولتۇرغاندىن كېيىن:' يىگىرمە ياخشىلىققا ئېرىشتى' دېدى. ئۈچىنچى ئادەم: 'ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەركاتۇھۇ' دېدى. پەيغەمبىرىمىز سالامغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ، ئۇ كىشى ئولتۇرغاندىن كېيىن: ' ئوتتۇز ساۋابقا ئېرىشتى'** دېدى''.

سالامنىڭ ئەدەبلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ: '' **مىنگۈچى ماڭغۇچىغا سالام قىلىدۇ، ماڭغۇچى ئولتۇرغۇچىغا سالام قىلىدۇ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە سالام قىلىدۇ''**، بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، بىر نەرسە مىنىۋالغان كىشى ئۆزىنىڭ چوڭلۇقىنى ئىپادىلەپ، سالامنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن

(ئاخىرى 48-بەتتە)

# قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى


## قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ 20-ئەسىردىكى كۆلىمى زور رېمونت قۇرۇلۇشى تاماملاندى

ھۈسەنجان تۇرسۇن

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، ياسىلىش ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر بولغان مەسچىتلەرنىڭ بىرى ھەم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى.

دۆلەتنىڭ بىر مىليون يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشى، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۆزىنىڭ مەبلىغىدىن 400مىڭ يۈەن چىقىم قىلىشى نەتىجىسىدە ھېيتگاھ جامەسىنىڭ رېمونت قۇرۇلۇشى 2000-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىپ ئوڭۇشلۇق تاماملاندى.

بۇ قېتىمقى رېمونت قۇرۇلۇشى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان كۆلىمى زور، مەبلەغ كۆپ سەرپ قىلىنغان قۇرۇلۇش بولۇپ، مەسچىت قىسمىنىڭ غەربىي جەنۇپ تېمى يېڭىلاپ ئېتىلگەندىن باشقا، خانىقا، پېشايۋانلارنىڭ ئۆگزىسى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ، سۇنغان ۋە چىرىگەن ياغاچ ماتېرىياللاردىن 17 تال خا، تۆت تال تۈۋرۈك، 80 پىرسەنت جەگە، 100 پىرسەنت ۋاسا ئالماشتۇرۇلۇپ، پەقەت ئالاھىدە نەقىش ئىشلەنگەن توققۇز ئارا كاھىۋانلا ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالدى. خانىقانىڭ شەرقىي تېمىدىكى تۆت جايدىن بوشلۇق ئېچىلىپ، قوش پەنجىرىلىك دەرىزە ئورنىتىلدى. ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ چىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆگزە قىسمى ئوتتۇرىسىدىن ئالتە سانتىمېتىر بوشلۇق قالدۇرۇلۇپ قوش



قەۋەتلىك يېپىلدى ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە سىرلاندى.

خانىقا، پېشايۋان تاملىرى گەج بىلەن سۇۋۇلۇپ مۇناسىپ نەقىشلەندى ۋە ئاستىغا پۈتۈنلەي چوڭ چىنە خىش بېسىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى گىلەم ئاستىغا بورا سېلىنىشتەك ئەھۋاللارغا خاتىمە بېرىلىپ مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى. كەڭ ئېتىقادچى ئامما ۋە سەيلى-ساياھەتچىلەر ھېيتگاھ جامەسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.

«قەدىمقى يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت» دەپ ئاتالغان قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزى، ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان ھېيتگاھ جامەسى ئەقىل-پاراسەتلىك خەلقىمىزنىڭ قەدىمقى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنىڭ يىقىلماس نامايەندىسى بولۇپ، قەشقەرگە قەدەم باسقان ھەر قانداق بىر كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ.

ھېيتگاھ جامەسى خاس دىنىي پائالىيەت سورۇنىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق، شۇنداقلا ئۇزاق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنىڭ گۇۋاھچىسى؛ ئىلىم-مەرپەت، ھۈنەر-سەنئەت ماكانى بولغان قەشقەرنىڭ جانلىق شاھىدى؛ ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ تارىخىي نەمۇنىسى. ئۇ مىلادى 1442-يىلدىن باشلاپ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، كىچىكلىكتىن زورىيىش، ئاددىي ھالەتتىن ئالاھىدە تۈسكە

كىرىشتەك باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ هازىرقى هالەتكە كەلگەن. 1962-يىلى 7-ئاينىڭ 11-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۇ جامەنى «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى» قىلىپ بېكىتكەن.

هېيتگاھ جامەسى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن كاتتا قۇرۇلۇش. ئۇنىڭ ئۇزۇنلىقى (شىمالدىن جەنۇپقا) 140 مېتىر، كەڭلىكى (شەرقتىن غەرىپكە) 120 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى16800 كۇۋادرات مېتىر (25.22مو) بولۇپ، 30 مىڭ ئادەم سىغىدۇ. جامە قۇرۇلما جەھەتتىن «گۈمبەز»، «مەدرىس»، «مەسچىت» قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى چاغدا چوڭ مەسچىتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان گۈمبەز، مۇنار، قۇببە، كۈنگۈرە، مېهراب، تەكچە، پېشايۋان، كاهىۋان، دەرۋازا، پەلەمپەي، نامازخانا ۋە مۇددەرىس، خاتىپ، ئىمام، تالىپلار ياتاقخانىسى قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر تولۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن.

1. **گۈمبەز.** بۇ بۆلەك پەلەمپەي، چوڭ دەرۋازا، مۇنار، دەرۋازا گەۋدە تېمى (پەشتاقمۇ دېيىلىدۇ)، گۈمبەز قاتارلىق ئالاھىدە بۆلەكلەرنىڭ ئۆز ئارا گىرەلىشىشىدىن هاسىل بولغان. چوڭ دەرۋازا قوش قانات (4,7×4,3مېتىر) قاپارتما نەقىشلىك بولۇپ، ئەنئەنىۋىي ئۇسلۇبتا ياسالغان. چوڭ مېهراب شەكلىدە ياسالغان گەۋدە تامنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر، ئۇنىڭغا يانداش ئىككى مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتىر، گەۋدە تام چۆرىسىگە يەنە مېهراب شەكىللىك 15 كىچىك تەكچە چىقىرىلغان بولۇپ، دەرۋازا كۆرۈنۈشكە ئالاھىدە تۈس بېرىدۇ. گۈمبەز ئالاھىدە ئۇسلۇب ۋە يۇقىرى ماهارەت بىلەن ياسالغان بولغاچقا هەر قانداق كىشىنى، هەتتا تېخنىك خادىملارنىمۇ تاڭ قالدۇرىدۇ.

2. **مەدرىس** (هازىرقى هويلا)_ بۇ جامەنىڭ مۇهىم تەركىۋىي قىسمى بولۇپ، شەرقىي شىمالغا مۇنچا، هاجەتخانا، تاهارەت ئېلىش ئۆيى، پار قازان ئۆيى ئورۇنلاشقان. بۇ يەردە بىرلا ۋاقىتتا 43 ئادەم (43 ئېغىز) غۇسلى قىلغىلى، 50ئادەم (50 ئوچاق) هاجەت قىلغىلى، 90 ئادەم (90 جۈمەك) تاهارەت ئالغىلى بولىدۇ. شەرقىي جەنۇپ تەرىپىدە مېتالدىن ياسالغان لاپاس بولۇپ، بۇ يەردە ئادەتتە نامازغا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر ئايرىم جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمال قىسىملىرىغا بىر بىتون كۆل ۋە بىر چاپما كۆل ئورۇنلاشقان بولۇپ، چاپما كۆلدە هەمىشە تۇرۇبا سۈيى تولۇپ تۇرىدۇ. ئەتراپىدىكى ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان تېرەكلەر قالغان تېرەكلەر بىلەن قوشۇلۇپ جامەنىڭ هاۋاسىنى ياخشىلىغاندىن سىرت يەنە جامەگە گۈزەللىك بەخش ئېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇپقا مايىل ئىككى ئورۇندا پىششىق خىش ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق مۇنبەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئېلېكترلەشمىگەن زامانلاردا ئەزان توۋلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

شەرقتىن غەرپكە، جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان بىتون ۋە سۇرمە تاشلىق كېسىشمە يوللار هويلىدىكى ئۈچ دەرۋازا بىلەن مەسچىتنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرىدۇ. جەنۇپ ۋە شىمال تامدىكى 41 ئېغىز هۇجرا بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئۆي-ئىمارەت ئۇسلۇبىدا ياسالغان.

3. **مەسچىت.** بۇ جامەنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، هويلىدىن سالاسۇن ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ هەم خانىقا، پېشايۋان، سۇپا، پەلەمپەي، مەرا قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان. ئۈستى يېپىقى "100ئارا" غا بۆلۈنۈپ، گېئومېترىيىلىك شەكىل هاسىل قىلغان هالدا ئالاھىدە هېسابلاش،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com

ماسلاشتۇرۇش، گىرەلەشتۇرۇش ئاساسىدا يېپىلغان بولۇپ، ئۇنى 140 دانە تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. توققۇز ئارا كاھىشۋان ئالاھىدە نەقىشلىنىپ ئۆزگىچە خاس رەڭ بىلەن بېزەلگەچكە كىشىنى ھوزۇرلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئاستىدىكى سۇپا 2600 كۋادرات مېتىر كۆلەمدە بولۇپ، بۇ يەردە 4200 ئادەم بىمالال ناماز ئوقۇيالايدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ بۆلەك قۇرۇلۇش ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا گىرەلەشتۇرۇپ قارىغاندا ئاجايىپ سەنئەتلىك مەنزىرە بارلىققا كېلىپ، جامە ناھايىتى كۆركەم، سالتەنەتلىك كۆرۈنىدۇ.

خەلق ھەققىي باھالىغۇچى، شۇڭا خەلق ھېيتگاھ جامەسى ھەققىدە ئاددىي ئەمما ھەققىي مىسرالارنى يازغان:

سېغىندىم مەن سېغىندىم،
قەشقەرنى سېغىندىم.
ئۆزى كىچىك نامى چوڭ،
ھېيتگاھنى سېغىندىم.

گۈزەل قىزنىڭ مەڭزىدىكى خالىغا
ئوخشاش،
زەپ ياراشقان قەشقەرگە ھېيتگاھ
مەسچىتى.

دېمىسىمۇ ھېيتگاھ جامەسى قەشقەر شەھىرىگە خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك قەشقەر شەھىرىنى گۈزەل تۇسكە كىرگۈزىدۇ، ئەمما ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ھالىتى ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدا شەكىللەنگەن بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ۋە ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقى ۋە ئەمەلىي ئىش قىلغانلىقىنىڭ ھەممە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھېيتگاھ جامەسى نەچچە يۈز يىل جەريانىدا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش، كىچىكلىكتىن زورىيىش، ئاددىيلىقتىن ئالاھىدە تۇسكە كىرىش ھەممە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، جامەنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە توختۇلۇش تولىمۇ زۆرۈر دەپ قارايمەن.

**1. ''پاقالچەك مازار'' دىكى تۇنجى مەسچىت**

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھازىرقى ئورنى ئەسلىدە ساسلىق، قومۇشلۇق، توغراقلىق بولۇپ، ئەينى چاغدا ئوردا خادىملىرىنىڭ قەبرىگاھى بولغان. ھجرىيە 96-يىلى (مىلادى 714-يىلى) ئەمىر قۇتەيبە قوماندانلىقىدا پەرغانە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن دىن تارقاتقۇچى ئەرەبلەر ۋە 11-ئەسىردىكى ''ئارسلانىيە''لەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەردىن ئەينى زاماندا ۋاپات بولغانلىرىمۇ ئاشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، شۇ تەرىقىدە بۇ جاي تەدرىجىي قەبرىستانلىققا ئايلىنىپ '' پاقالچەك مازار'' دەپ ئاتالغان.

قەشقەرنىڭ بۈگۈنگىدىن 500 يىل بۇرۇن ئۆتكەن ھاكىمى ساقسىز مىرزا ۋاپات بولغاندا ئاشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان. ئۇ كىشى ھايات ۋاقتىدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ شۇنداقلا قەبرە يوقلاپ كەلگەن باشقا كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن بىر مەسچىت ياساتتىش نىيىتىگە كېلىپ، ھجرىيە 846-يىلى ( مىلادىيە 1442-يىلى) ھازىرقى خانىقانىڭ ئورنىغا كىچىك بىر مەسچىت ياساتقان، نەتىجىدە بۇ جايدا تۇنجى مەسچىت بەرپا بولغان. مانا بۇ قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بۈگۈنگىدىن 559 يىل ئىلگىرىكى ئەسلى ھالىتى.

## 2. مەھەللىۋى مەسچىتنىڭ ‹‹ ھېيتگاھ جامەسى››گە تەرەققى قىلىنىشى

تۇنجى مەسچىت بىنا قىلىنىپ ئارىدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر ئۆتكەندە يەركەن خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى باش ۋالىيسى مىرزا ئوبۇل قادىر بەگنىڭ تاغىسى مىرزا ئەزىز ۋەلى ۋاپات بولۇپ، ‹‹ پاقالچەك مازىرى›› قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوبۇل قادىر بەگدە بىرەر خاسىيەتلىك ئىش قىلىپ، ساۋابىنى مەرھۇم تاغىسىغا بېغىشلاش خىيالى تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 944-يىلى ( مىلادى 1638-يىلى) تۇنجى مەسچىتنى كېڭەيتىپ ياساتقان ھەم بەش ۋاق ناماز ئوقۇلىدىغان ئادەتتىكى مەسچىتنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامەگە ئۆزگەرتكەن.

ھىجرىيە 1201-يىلى (مىلادى 1786-يىلى)قەشقەر ،يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە خانئېرىق يېزىسىدىن زۇلپىيە بۇۋى نۇرغۇن پۇل راسخوتى ئېلىپ ھەج قىلىپ كېلىش ئۈچۈن پامىردىن ئۆتۈپ پىرسىيە (ئىران)غا بارغاندا، ئۇ يەردىكى يەرلىك ماجرا، ئۇرۇش-جېدەللەر تۈپەيلىدىن سەپەرنى داۋام قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولماي، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ھەج قىلىش ھېسابىغا جامەنى كېڭەيتىپ ياساتقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پاختەكلى يېزىسىدىن 40 پاتمان ( بىر پاتمان 15 موغا تەڭ) تېرىلغۇ يەر سېتىۋېلىپ جامە ئۈچۈن ۋەخپە قىلىپ بەرگەن.

ھىجرىيە 1224-يىلى ( مىلادى 1809-يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى تۇرپانلىق ئىسكەندەر ۋاڭ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىگە ئاتاپ، پايناپ يېزىسى ( ھازىرقى شەھەرلىك پارتكوم ئاھالە قورۇسىدىكى كۆك گۈمبەز) غا ناھايىتى چوڭ گۈمبەز ياساتقاندا، ھېيتگاھ جامەسىنىمۇ ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇرۇپ ۋە كۆل كولىتىپ، ئەتراپىغا دەرەخ تىكتۈرۈپ، مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرگەن.

ھىجرىيە 1235-يىلى (مىلادى -1820-يىلى) قەشقەردە قاتتىق يامغۇر يېغىپ، يامغۇردا ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تام-تورۇسلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقتىن قەشقەرلىق ئەبرىشىمكانىدىن خوجا ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغان.

ھىجرىيە 1255-يىلى ( مىلادى 1839-يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى ئىنانچخان زوھۇرىدىن قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرى (قەشقەر شەھىرى)نىڭ غەربىي شىمال قىسمىنى كونا يۇمۇلاق شەھەر قەلئەسىگىچە كېڭەيتكەن چاغدا ، جامەنىڭ كۆللىرىنى چاپتۇرۇپ چوڭ رېمونت قىلدۇرغان ۋە مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرگەن. نەتىجىدە 400 يىلدىن بېرى شەھەر سىرتىدا تۇرغان ھېيتگاھ جامەسى سېپىل ئىچىگە ئېلىنىپ، شەھەر مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا ھەر تەرەپلىمە بېزەلگەن. ئەتراپىدىكى قومۇش، يانتاقلانىڭ ئورنىنى تەدرىجىي كۆجۈم مەھەللە ۋە ئاۋات شەھەر بازىرى ئىگەللىگەن، نەتىجىدە بۇ جامە كېڭىيىپ، مەركىزىي مەسچىتكە ئايلىنىپ ‹‹ ھېيتگاھ جامەسى›› دەپ ئاتالغان.

ياقۇپ بەگ ( بەدۆلەت) دەۋرىدە، ئۇ خەلق كۆڭلىنى مايىل قىلىش مەقسىتىدە جەنۇبىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ قەشقەر دىيارىدا نۇرغۇنلىغان مەسچىت، مەدرىس، مازار ۋە لەنگەرلەرنى ياساتقان. جۈملىدىن ھىجرىيە 1289-يىلى ( مىلادى 1872-يىلى ) ئۆزىنىڭ يېقىن مەنسەپدارى ئالداش دادىخانى مەسئۇل قىلىپ نۇرغۇن ئۇستا ھۈنەرۋەنلەرنى ئىشقا سېلىپ، پۇل ئاجرىتىپ ھېيتگاھ جامەسىنىمۇ رېمونت قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە جامەنىڭ غەربىي قىسمىنى مەسچىت، شەرقىي قىسمىنى مەدرىس قىلىپ سالاسۇن بىلەن (ھازىرقى پىشايۋان ئاستىدىكى سۇپا چېگرا قىلىنغان) ئايرىغان. مەدرىس قىسمىنىڭ شىمال، شەرق ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىگە 24 ئېغىزدىن جەمئىي 72 ئېغىز ھۇجرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىقىرىپ، تالىپلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغان، شەرقىي شىمال قىسمىغا بىرلا ۋاقىتتا 100 دىن ئارتۇق ئادەم غۇسلى قىلالايدىغان ھامام (مۇنچا)، 40 كىشىلىك ھاجەتخانا ياسىتىپ، غۇسلى قىلىش، ھاجەت قىلىش ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرغان. جۈملىدىن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ مۇنار، گۈمبەز، پەشتاق (دەرۋازا گەۋدە تېمى)، دەرۋازا قاتارلىق ئالاھىدە قىسىملىرىنىمۇ ياسىتىپ، جامەنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ھىجرىيە 1320-يىلى (مىلادىيە 1901-يىلى)دىكى چوڭ يەر تەۋرەشتە جامەنىڭ زەخمىلەنگەن خانىقا، پىشايۋان، مۇنار، گۈمبەز قاتارلىق جايلىرىنى شۇ چاغدىكى ئاتاقلىق تۆردى باي ھاجى بىلەن كېرىم بايۋەچچە ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن پۇل سەرپ قىلىپ، ھىجرىيە 1322-يىلى (مىلادى 1904-يىلى ) رېمونت قىلدۇرغان.

ھىجرىيە 1347-يىلى ( مىلادى1928-يىلى) جامەنىڭ مەسچىت قىسمىغا جامائەت سىغماي قىستاڭچىلىق كۆرۈلگەنلىكتىن، بىر قىسىم مۆتىۋەر كىشىلەر پۇل چىقىرىپ، ھازىرقى سۇپا ئۈستىدىكى سالاسۇننى مەدرىس تەرەپكە سۈرۈپ، ھازىرقى ئورۇنغا ئورناتقان. ئەزان ئاۋازىنى ۋە ھېيت نامازلىرىدىكى "سەپپەڭ" نى ئېنىق ئاڭلىيالماسلىقتەك مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، مەدرىس قىسمىنىڭ غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال قىسمىغا ئەزان تۈۋلاش مۇنبىرى ياساتقان.

ھىجرىيە 1352-يىلى (مىلادى 1934-يىلى ) قەشقەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇدىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم رىياسەتچىلىكىدە، جامە بىر قۇر رېمونت قىلىنغاندىن باشقا، قىبرى، ئىگىز-پەس دەرەخلەر كېسىلىپ، ئورنىغا يېڭىدىن دەرەخلەر رەتلىك تىكىلگەن ۋە كۆللەر چاپتۇرۇلۇپ، ئەتراپى سالاسۇنلاشتۇرۇلغان.

ھىجرىيە 1354-يىلى ( مىلادى 1936-يىلى) " ئىسلاھى مادارىس ۋە مەساجىد ھەيئىتى" ( مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى رېمونت قىلىش ھەيئىتى) دېگەن خەلق تەشكىلاتى ئىئانە توپلاپ، جامەنى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇرغاندىن باشقا، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپتىكى تام ئوتتۇرىسىدىن ئىككى كىچىك دەرۋازا ئېچىپ، كىرىپ چىقىش ئىشلىرىنى راۋانلاشتۇرغان.

ھىجرىيە 1355-يىلى ( مىلادى 1937-يىلى) شەھەر كوچىلىرى كېڭەيتىپ ياسالغاندا، جامەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى 24 ئېغىز ھۇجرا، ھامامىلار يول ۋە مەيدان قۇرۇلۇشىغا قوشۇۋېتىلىپ، تام ئورنى سالاسۇن بىلەن توسۇلغان، نەتىجىدە جامەنىڭ ئىچكى مەنزىرىسى سىرتتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولغان. شۇ مەزگىلدە جامەنىڭ شىمال تەرىپىدىكى 100 ئېغىزدىن ئارتۇق دۇكان چېقىۋېتىلگەندىن باشقا يەنە جامەنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئىككى مەسچىت، يەتتە سودا ساراي، ئالتە چوڭ بازار ئورنى ، بىر ھامام، بىر بۇتخانا، نەچچە يۈز ئېغىز دۇكان ۋە ئۆيلەر چېقىلىپ بىر چوڭ مەيدان ھازىرلانغان. ھىجرىيە 1367-يىلى (مىلادى 1940-يىلى) قۇمدەرۋازا يولى كېڭەيتىلگەندە جامەنىڭ جەنۇبىي تېمىدىكى 40 ئېغىز دۇكان چېقىپ تاشلانغان.

### 3. جامەنىڭ يېڭى تەرەققىياتى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 50 نەچچە يىلدىن بېرى پارتىيە، ھۆكۈمەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلدى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوغداپلا قالماستىن بەلكى يەنە زور تۈركۈمدە مەبلەغ ئاجرىتىپ رېمونت قىلدۇردى. بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ قىياپىتىدىمۇ زور

دەرىجىدە يېڭىلىنىش ۋە غايەت زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى.

1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 10 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ھېيتگاھ جامەسىنى ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلدۇرۇپ، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن دۆلەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ، ھېيتگاھ جامەسى ۋە ئېتىقادچى ئامما مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ رېمونت ئىشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىپ ئۇنى قوغداپ كەلمەكتە...

1978-يىلى قەشقەر شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىر بۆلۈك مەبلەغ ئاجرىتىپ جامەنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سالاسۇننى ئېلىۋېتىپ ، ئورنىغا 16 ئېغىز دۇكان سېلىپ، سالاسۇننى دۇكان ئۈستىگە ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەدرىسنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى بىر كۆلنى بىتون بىلەن ياساپ، ئەتراپىنى تۆمۈر رىشاتكا بىلەن ئېتىپ، ئوتتۇرىسىغا گۈل نۇسخىلىق فونتان مۇنارى ئورناتتى. 1984-يىلى جامەنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تام زەيلەپ خەتەرلىك بولۇپ قالغانلىقتىن، ھۇجرىلارغا تەسىر كۆرسەتمىگەن ئاساستا خام خىشلىق تامنى پىششىق خىشلىق قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياسىدى. 1987-يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ھېيتگاھ جامەسى 164 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، جامەنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى كونا ھاجەتخانىنى چېقىپ، ئورنىغا ئىككى قەۋەتلىك ( ئاستى ھاجەتخانا، مۇستەھەپخانا، ئۈستى مۇنچا ) 482 كۇۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش قىلىپ ، ھاجەت قىلىش، غۇسلى قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ قىيىن بولۇشتەك مۇھىم مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. جامە ئىچىدىكى يول ۋە يەر ئۈستىگە ئالتە بۇرجەكلىك بىتون خىش ياتقۇزۇپ مۇھىتنى ياخشىلىدى. 1998-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 35 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن مۇستەھەپخانىغا يانداپ تاھارەت ئېلىش ئۆيى ياسالدى. جامە ئۆز كىرىمىدىن 48 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ پار قازان سېتىۋېلىپ، مۇنچا ۋە تاھارەت ئېلىش ئورنىنى ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلىدى.

1992-يىلى جامە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىقىدا 12 مىڭ 300 يۈەن سەرپ قىلىپ، مەدرىس قىسمىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە 160 كۇۋادرات مېتىرلىق لاپاس ياساپ، نامازغا كېچىكىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئايرىم جامائەت بولۇپ، ناماز ئوقۇشىغا شارائىت ھازىرلىدى.

1993-يىلى دۆلەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھېيتگاھ جامەسى بىرلىكتە 834مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئىش باشلاپ، جامەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر يۈرۈش كونا دۇكان ۋە ھۇجرىلارنى پۈتۈنلەي چېقىپ، ئورنىغا ئەسلىگە مۇتلەق ۋارسلىق قىلىش ئاساسىدا 856 كۇۋادرات مېتىر كۆلەمدە پىششىق خىشلىق، بىتون قۇرۇلمىلىق 14 ئېغىز (ئىچكى-تاشقى بولۇپ 25 ئېغىز) لىق ھۇجرا، 53 ئېغىزلىق دۇكان ياسىدى. مەسچىت قىسمىنىڭ تام-تورۇسلىرىدىكى كونا گەج، ھاك، شۇنداقلا جەگە، خا، ۋاسا قاتارلىق ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ يۈزىدىكى ھاكلارنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا قىرىپ چىقىرىپ ئۆز ھالىتى بويىچە بېزىدى. 2552 كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان خانىقا، پىشايۋاننىڭ ئۈستىدىكى بۇرۇنقى لاي-توپىلار ئېلىپ تاشلىنىپ، ئايرىم ساندىكى سۇنغان، سېسىغان ۋاسلار ئالماشتۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپ بىلەن زامانىۋى ئۇسۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىكتۈرۈلگەن ھالدا يېڭىدىن قىلىپ يېپىلدى. ئىككى چوڭ مۇنارنىڭ چاك كېتىپ خەتەرلىك بولۇپ قالغان ھالىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئىككى مۇنارنىڭ سىرتى پولات چىۋىق بىلەن توقۇلۇپ، بېتون بىلەن پۇختىلاندى ۋە ئەسلى نۇسخىسى بويىچە ئويما چىقىرىلىپ رەڭ بېرىلدى. بۇ قۇرۇلۇش 1994-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى.

1994-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق مۇھاجىر مۇھەممەد رىھىم ھاجى باشچىلىقىدا ئىئانە قىلغان 153 مىڭ يۈەن پۇلنى جامە تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بۇ پۇل سەرپ قىلىنىپ، جامەنىڭ ھاجەتخانىسى چىنە خىشلىق قىلىنىپ يېزەلگەندىن باشقا يەنە 162 پارچە گىلەم توقۇتۇلۇپ جامەگە سېلىندى. چوڭ دەرۋازا ئەسلى نۇسخىسى بويىچە سىرىق تۇچ تۇنكە بىلەن قاپلىنىپ پۇختىلاندى.

1997-يىلى ھېيتگاھ جامەسى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىقىدا يەنە 195مىڭ يۈەن پۇل سەرپ قىلىپ، پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىنىڭ ئالدى قىسمى ۋە پەلەمپەي قاتارلىق 854 كۋادرات مېتىر جايغا چىنە خىش چاپلىنىپ بېزەلدى. چوڭ-كىچىك دەرۋازىنىڭ يوللىرى ۋە گۈمبەز ئاستى كارىدورى ھەم چوڭ دەرۋازا ئالدى پەلەمپەيلىرى بولۇپ، جەمئىي 1099 كۋادرات مېتىر ئورۇن بېتون بىلەن قاتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە گۈل نۇسخىلىق شەكىللەر چىقىرىلىپ، سۇرمە تاش يالىتىلدى. 1999-، 2000-يىللىرى بۇ جامە يەنە بىر قېتىم زور كۆلەمدە رېمونت قىلىندى. نەتىجىدە قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى ئالاھىدە تۈسكە كىرىپ، مۇھىتى گۈزەللەشتۈرۈلۈپ، جۇڭگو ۋە چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان نۇقتىغا ئايلاندى.

**(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)**

## چەرچەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى چەرچەن-ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق تاشيولىغا 15 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى

چەرچەن ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوبلاست مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1100 كىلومېتىر، بىر كىچە-كۈندۈز ماشىنىدا ئولتۇرغاندا ئاندىن كورلا شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ. ئەگەر قۇملۇق تاشيولى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشسە بۇ يول 400 نەچچە كىلومېتىر قىسقىراپ، ئادەتتىكى ماشىنىلارمۇ 9-8 سائەتتىلا كورلىغا يېتىپ بارالايدۇ. بۇ يول تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، ياساشتىكى قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن ئېغىر، كېتىدىغان مەبلەغمۇ كۆپ (ھەر بىر مېتىرغا تەخمىنەن 10 مىڭ يۈەن كېتىدۇ)، يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 118 كىلومېتىر بولغاچقا، مەبلەغ كەمچىل بولغان ئاھۋالدا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەر قايسى مەسچىتلەرنى بىرلىك قىلىپ، ئېتىقادچى ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، 15 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ، 2000-يىلى 10-ئاينىڭ 30 كۈنى بۇ پۇلنى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، قۇملۇق تاشيولىنىڭ تېزرەك پۈتۈشى ئۈچۈن، ناھىيىمىزدىكى كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى.

**(مۇسا روزى)**

# دۇنيا تىرىكچىلىكىنى توغرا يولدا قىلايلى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئوسمانجان جۇمە

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس يېمەك-ئىچمەك ئادىتى ۋە پەرھىزلىرى بار، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ۋە كۈچلۈك دىنىي ھېسسىياتىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، غەيرىي مۇسۇلمانلارمۇ بۇنىڭغا ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتلىرىدا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا يېمەك-ئىچمەكتىن ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمەيدۇ، لېكىن ئۇلار باشقا قوشنا ئۆلكە-شەھەرلەرگە بارماقچى بولسا، ئالدى بىلەن مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى ئويلىشىدۇ. بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئاز جايلاشقان ئۆلكە-شەھەرلەردە بۇنى تېخىمۇ ئويلاشماي بولمايدۇ. ئىقتىسادنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مۇسۇلمانلارمۇ قوشنا ئۆلكە-شەھەرلەرگە تىجارەت قىلغىلى، تۇغقان يوقلىغىلى، ساياھەت قىلغىلى بارماقتا. سەپەردە بولسۇن ياكى مەنزىلىگە بارغاندا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەنىلا ئىشەنچلىك مۇسۇلمانچە تاماق، ھالال يېمەك-ئىچمەك. مۇبادا كوچىدا '' لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ'' دېگەندەك ئەرەبچە خەت بېسىلغان ياكى ھەر خىل يېزىقتا ''مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى'' دېگەندەك خەتلەر بېسىلغان مۇسۇلمانچە ۋىۋىسكىلىرى بار ئاشخانىلارنى كۆرۈپ قالسا كۆڭلىدە '' خۇداغا شۈكرى، ھەر نېمە بولسا بىر ئاشخانا ئۇچراپ قالدى '' دەپ ئويلاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى سۆيۈنگەن ھالدا ئاشخانىغا كىرىدۇ،ئاشخانىنىڭ ئىچ تاملىرىنى زىننەتلەپ تۇرغان ئەينەك رامكىغا ئېلىنغان ئايەت-ھەدىسلەرنى، مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرسە كۆڭلى ئاۋۋالقىدىنمۇ بەك سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. لېكىن بىر دەمدىن كېيىن بۇ سۆيۈنچ ۋە خۇشاللىقلار يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېچىنىش چىرمىۋالىدۇ، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ئۈستەلىنىڭ بىر تەرىپىگە ھاراق، يەنە بىر تەرىپىگە ھەر خىل تائاملارنى قويۇپ ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ ھەمدە كۆڭلىدە، ئاشۇ ھاراقلارنى ئۇلار ئۆزى سىرتتىن ئېلىپ كىرگەنمىدۇ ۋە ياكى ئاشخانا ئىچىدە سېتىلامدىغاندۇ؟ دېگەندەك خىياللارنى قىلىدۇ، بىر دەمدىن كېيىنلا ئەھۋال ئاشكارىلىنىدۇ: ھاراق دەرۋەقە ئاشخانىدا سېتىلىۋاتقان بولىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ناچار ئەھۋاللار مەيلى قوشنا ئۆلكە-شەھەرلەردە بولسۇن ياكى ئۆز رايون-شەھەرلىرىمىزدىكى ئاشخانىلاردا بولسۇن ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. «قۇرئان كەرىم» دە، مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ھالال ۋە مەززىلىك تائاملاردىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ بۇ دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ ھالال يول بىلەن قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ مەئىشەتتىن بەھرىمەن بولۇشنى دىنىنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن چەكلىمەي، بەلكى ھالال مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولۇشقا ئىلھام بېرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن، يەنى ھاياتلىق تىرىكچىلىكى ئۈچۈن توغرا يول تۇتۇش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


ئاللاھ تائالا ئۆز كالامىدا: "**ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال، پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق-ئاشكارا دۈشمەندۇر**" (سۈرە «بەقەرە» [2-سۈرە]، 168-ئايەت) ۋە يەنە: "**ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تىلەڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار**" (سۈرە «جۇمۇئە» [62-سۈرە]،10-ئايەت) بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق بىر ھەدىسى بار. ئەبى بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**بەندە ئۆز ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، ئىمە ئەمەللەرگە سەرپ قىلغانلىقلىرىدىن، پۇل-مالنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرلەرگە ئىشلەتكەنلىكىدىن ۋە جىسمىنى نېمىدە ئۇپراتقانلىقىدىن سوئال-سوراق قىلىنمىغۇچە، ئۇنىڭ ئىككى قەدىمى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوزغالمايدۇ**" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۈچۈن چوقۇم توغرا ۋە ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق بولۇپ، ناچار، ھارام قىلمىشلارنى ئۆزىنىڭ ياخشى، ھالال تىجارەت يولىغا ئارىلاشتۇرماسلىق ئېنىق بەلگىلەنگەن. لېكىن بۇنىڭغا نۇرغۇن تىجارەتچىلىرىمىز سەل قاراۋاتىدۇ. ئاللاھ ئۆز كالامىدا بۇ ھەقتە: "**شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟**" (سۈرە «مائىدە» [5-سۈرە]،91-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە، مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھاراق ھېسابلىنىدۇ، مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھارام دەپ ئېيتىلغان. دېمەك ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبىرىمىز چەكلەۋاتقان ئىشنى بىز قېرىنشقاندەك داۋاملاشتۇرساق، ئەقلىمىز، ئىمانىمىز نەگە كەتتى؟!

ھاراقنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان ناچار تەسىرى تىببىي تەتقىقاتلار ھەم ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىنىپ بولغان بۈگۈنكى كۈندە، ساغلاملىقىمىزنى ئۇپرىتىپ، ئىمانىمىزنى بۇلغىغاندىن باشقا شۇ ھاراقتىن يەنە نېمە پايدا تەگمەكچى؟ كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شۇ ھاراق سەۋەبىدىن نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ئاپەت،كېسەللىك داۋاملىق پەيدا بولۇۋاتىدۇ، ئاتا-ئانىلار ھاراقكەش باللىرىنىڭ قاقشىتىشىغا ئۇچراۋاتقان، خوتۇن-قىزلىرىمىز بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان، ئەقىل، ھېسسىيات، ۋاقىت، خوراپ، ئىقتىساد بۇزۇپ-چېچىلىپ، ئائىلىلەر پارچىلىنىپ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋاللار ھەممە يەردە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدا ھاراق ساتىدىغان ئاتالمىش مۇسۇلمان ئاشخانىلىرىنىڭمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار: ئاشۇ ھاراقنىڭ زىيىنىنى ئۆزەڭ بىلىپ تۇرۇپ ئىچمەيسەن، لېكىن ئۇنى باشقىلارغا سېتىپ بېرىسەن. بۇ ھاراق ئىچكەن بىلەن ئوخشاشلا چوڭ گۇناھ ئەمەسمۇ؟ ئاشخاناڭغا ئۇلۇغ ئايەت-ھەدىسلەرنى، مەككە، مەدىنەمنىڭ رەسىملىرىنى ئېسىپ قويۇپ، يەنە بىر ياقتا پوكىيىڭگە ھەر خىل ھاراقلارنى تىزىپ قويۇپ تائامىلىرىڭ بىلەن تەڭ ساتساڭ جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ غەلىتە، ئېچىنىشلىق ئىش بولامدۇ؟ ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقىنى سۈيئىستېمال قىلىپ تۇرۇپ، "مۇسۇلمان" دېگەن بۈيۈك سۈپەتنى نامدا

بار ئەمەلدە يوق بىر ۋۇبىسكاگىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى ھەم تويماس نەپسى بالايىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ يۈرسەڭ قىيامەتتە يۈزۈڭ قارا بولماسمۇ؟ بەلكى ئاخىرەتتە، ھارامنى ساتقانلىق ۋە باشقىلارنى ھارامغا گىرىپتار قىلغانلىق گۇناھى بىلەن جازالىنىسەن. بۇ دۇنيالىق ھاياتىڭدىمۇ بىسەرەمجان، ھەتتا ۋەيران بولىسەن؛ ئاشخاناڭدا ھاراق ئىچكەنلەرنىڭ ئۇزاققىچە ئورۇن بوشاتماي ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشى ياكى ئۇرۇشۇپ جېدەل قىلىشى، يەرگە قۇسۇپ، تۆكۈرۈپ مەينەت قىلىشى باشقا خېرىدارلارنىمۇ بىزار قىلىدۇ، تامىقى ياخشى دەپ كېلىدىغان كونا خېرىدارلارمۇ كەلمەي ئاشخاناڭنىڭ سودىسىنى قاچۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تىجارىتىڭ ئاقمايدۇ ياكى مەلۇم بىر كۈنلەردە قانۇنغا خىلاپ بىر ئىش كېلىپ چىقىدۇ؛ دېمەك، ھاراق بار يەردە مەرەز، نەسلىك، ئاپەت كۆپ بولىدۇ. ھاراق تاماكىنى سېتىپ، ھالال بىلەن ھارامنى ئارىلاشتۇرغان نۇرغۇنلىغان ئاشخانا ئىگىلىرى ئاشۇ ھارامنى تىجارىتىگە ئارىلاشتۇرمىسا تىجارىتى روناق تاپالماسمۇ؟! كىمكى ئاللاھنىڭ يولىدىن چەتنەپ خاتا يولدا ماڭىدىكەن، ئۇ ئاخىر زىيان تارتىدۇ. شۇڭا ئاتالمىش مۇسۇلمان ئاشخانىلىرىنىڭ ئىگىلىرىگە شۇنداق تەۋسىيە قىلىمىزكى، ئاشخاناڭلارنى ئىسمى جىسمىغا لايىق، پاكىز، ھالال ئاشخانا قىلىڭلار! تائامنى سۈپەتلىك، مۇلازىمەتنى قىزغىن قىلساڭلار تىجارىتىڭلار ئوخشاشلا روناق تاپالايدۇ، ئاللاھ تائالامۇ بەرىكەت بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئۆزىنىڭ ھىدايەت يولىغا باشلىغاي-ئامىن!

---

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

### مۇھىم تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىللىق 4-سان، 6-بەت يۇقىرىدىن 5-قۇردىكى ''10 جەھەتتىن'' دېگەن سۆزنى '' 7 جەھەتتىن'' دەپ ئوقۇشىڭىزلارنى، 14-بەت 1-ستون ئاخىرقى قۇردىكى بىر قۇر سۆزنى 2-ستون تۆۋەندىن 2-قۇرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئوقۇشىڭىزلارنى، 2-ستوننىڭ ئاخىرقى قۇردىكى بىر قۇر سۆزنى 15-بەت 1-ستون ئاخىرقى قۇرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئوقۇشىڭىزلارنى؛ 17-بەت 1-قۇر دىكى '' مۇناپىقلارنىڭ ھۇجۇملىرى'' دېگەن سۆزنى 16-بەتنىڭ ئاخىرقى قۇرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ ئوقۇشىڭىزلارنى ۋە 17-بەت 2-ستوندىكى 2-قۇردىن 6-قۇرغىچە بولغان سۆزلەرنى بىر قۇردىن ئالدىغا يۆتكەپ ئوقۇشىڭىزلارنى؛ 47-بەت تۆۋەندىن 8-قۇردىكى '' نورمان'' دېگەن سۆزنى '' نورمال'' دەپ، 48-بەت يۇقىرىدىن 17-قۇردىكى ''تەسەۋۋۇر'' دېگەن سۆزنى '' تەسەۋۋۇپ'' دەپ ؛ 54-بەت، 4-بەتتىكى ''ئوسمان تايىپ، ئوسمان تالىپ''دېگەن ئىسىمنى '' ئوسمان نايىپ'' دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قەيس خوجام مازىرى

هاجى يۈنۈس سادىق

قومۇل شەھىرى مەركىزىدىن غەربىي جەنۇپقا قاراپ ئىككى-ئۈچ كىلومېتىرچە ماڭسىڭىز " چاھار باغ" دەپ ئاتىلىدىغان جايغا ئورۇنلاشقان قەيس خوجام مازىرىغا بېرىپ قالىسىز. قەيس خوجامنىڭ تولۇق ئىسمى قەيس ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە شەھىرىدە تۇغۇلغان ئەرەبدۇر. بۇ مازارنىڭ گۈمبىزى يېشىل سىرلىق پار-پۇر كاھىشتىن ياسالغاچقا كىشىلەر ئۇنى "يېشىل گۈمبەز"، " چىنە گۈمبەز" دەپمۇ ئاتايدۇ. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرى ئىسلام خەلىپىلىكى ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن جۇڭگوغا ئۈچ كىشى ئەۋەتكەن. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمى قەيس، ئۇۋەيس ۋە ۋەققاس بولۇپ، ئۇلار دېڭىز يولى ئارقىلىق گۇاڭجوغا كەلگەندە، ۋەققاس كېسەل بولۇپ قېلىپ ۋاپات بولغان ھەم گۇاڭجودا دەپنە قىلىنغان (ئۇنىڭ مەقبەرىسى ھازىرمۇ گۇاڭجودا بار). ئۇۋەيس بىلەن قەيس چاڭئەنگە (ھازىرقى شىئەنگە) يېتىپ كەلگەندە، پادىشاھ تاڭ تەيزۇڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغان . ئۇلار داۋاملىق سەپەرگە چىقىپ ، شىنجاڭ ئارقىلىق دۆلىتىگە قايتىش سەپىرىدە ئۇۋەيس گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۈيمېن ناھىيىسىگە كەلگەندە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان ھەم شۇ يەردە دەپنە قىلىنىپ، ئۇنىڭ دەپنەگاھى "خۇيخۇيپۇ" (مۇسۇلمان قەلئەسى)دەپ ئاتالغان، بۇ مازار ھازىرمۇ شۇ يەردە بار. قەيس خوجام تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 9-يىلى ( مىلادى 635-يىلى) شىنجاڭغا كېلىش سەپىرىدە گەنسۇ-شىنجاڭ چېگرىسىدىكى يۈلتۇز ئېغىز ( شىڭشىڭشيا) غا كەلگەندە كېسەل بىلەن



ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋە يولۇچىلار ئۇنى شۇ يەردىكى كىچىك تاغ باغرىغا دەپنە قىلىپ، ئاددىي قىلىپ بىر قەبرە ياساپ قويغان. بۇ قەبرە چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىگىچە شۇ پېتى ساقلانغان. چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە يېزىلغان:" شىڭشىڭشيا تاغ يامۇلىدا ئۇيغۇر قەبرىسى بار" دېگەن قەبرە ئەنە شۇ قەيس خوجامنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىدۇ. تەخمىنەن 1865-يىللىرى ئەتراپىدا قومۇل ۋاڭى شىڭشىڭشياغا ئادەم ئەۋەتىپ قەيس خوجامنىڭ قەبرىسى ئورنىغا بىر گۈمبەز ياساتقۇزغان. ئەرەبچە ئۇسلۇبتا ياسالغان بۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە ئەرەب يېزىقىدا بېغىشلىما ۋە ئايەتلەر چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان. گۈمبەز ئالدىغا " ئەرەبتىن كەلگەن ئەۋلىيا قەيس خوجامنىڭ قەبرىسى" دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي ئورنىتىلغان.

مىنگونىڭ 28-يىلى ( 1939-يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شىڭشىڭشيانى ساقلاپ تۇرغان چېگرا ئەترىتى گازارما ياساشقا خىش يېتىشمەي قالغاندا گازارما ئەتراپىدىكى قەيس خوجام گۈمبىزىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ خىش-كېسەكلىرىنى ئىشلەتكەن، نەتىجىدە قەبرە تاغ جىلغىسىدا يالىڭاچلىنىپ قالغان. 1945-يىلى يازدا قومۇلدىكى مۇسۇلمانلار قەيس خوجامنىڭ جەسىتىنى قومۇلغا يۆتكەشنى قارار قىلغان ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ،

ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن شۇ يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنى مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرىدىن 21 كىشى شىڭشىڭشياغا بېرىپ جەسەتنى قېزىۋالغان. جەسەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە چىدىن ئۇشۇق بولۇپ، قوۋۇرغىلىرىدىكى ئەت شۇ پېتى قۇرۇپ قالغان، ئاپئاق ساقىلىمۇ ئۆز پېتى تۇرغان . 7-ئاينىڭ 1-كۈنى سەھەردە قەيس خوجامنىڭ جەسىتى قومۇلغا يەتكۈزۈپ كېلىنگەن. 7-ئاينىڭ 4-كۈنى داغدۇغىلىق تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، قەيس خوجامنىڭ جەسىتى ھازىرقى چاھارباغقا قويۇلغان.

قەيس خوجامنىڭ جەسىتىنى يۆتكەش-دەپنە قىلىش مۇراسىمى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، تاۋۇتقا قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادى بىشىر ئىئانە قىلغان يېشىل گۈللۈك يوپۇق يېپىلغان؛ تاۋۇتنىڭ بېشىغا زەرۋاپتا سەللە ئورالغان بولۇپ، ناھايىتى ھەشەمەتلىك تۈس ئالغان. قەيس خوجامنىڭ جەسىتى يەرلىككە ئېلىپ مېڭىلغاندا، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا تەزىيە بېغىشلىمىلىرىنى كۆتۈرگەن كىشىلەر توپى، كەينىدە 30 پارچە «قۇرئان كەرىم» ئارتىلغان، ئاق يوپۇق يېپىلغان تۆت ئاق ئات ماڭغان، ئۇنىڭ كەينىدە قەيس خوجامنىڭ تاۋۇتى ئېلىپ مېڭىلغان.

قەيس خوجامنىڭ قەبرىسى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، ئۈستى يۇمۇلاق، ئاستى تۆت چاسا، گۈمبەز ئۈستىگە يېشىل سىرلىق كاھىش بېسىلغان. تۆت ئەتراپى پېشايۋان شەكلىدە بولۇپ، قەبرە ئىشىكى جەنۇپقا قارايدۇ. جەسەت گۈمبەزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان، گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىر، كۆلىمى بىر مودىن ئاشىدۇ. تۆت ئەتراپى يېشىل دەل-دەرەخ، گۈللەر بىلەن ئورالغان بولۇپ، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇلار بۇ يەرنىڭ مۇھىتىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن. ھازىر بۇ مازار ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن بولۇپ قوغدالماقتا.

بۇ مازارغا شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن ۋە گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق رايونلاردىن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى تاۋاپ-زىيارەت قىلىشقا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ مازار جۇڭگو-چەتئەل ئالاقە تارىخى، ئىسلام دىنى تارىخى، جۇڭگو خەلقى بىلەن ئەرەب خەلقىنىڭ دوستانە بېرىش-كېلىشى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، جۇڭگو ئىسلام مىمارچىلىق سەنئىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

(ئاپتور: قومۇل ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن؛

تولۇقلاپ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

---

**قارا شەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى**

قارا شەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ناھىيە تەۋەسىدىكى خاتىپ-ئىماملارنىڭ ۋەز-تەبلىغ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە 2000-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى 2-قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بارات داموللا ھاجى مۇسابىقىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇسابىقىگە 19 خاتىپ قاتناشتى ھەم يېڭى مەزمۇنلاردا ۋەز تەبلىغ قىلىشتى، 55 مەسچىتتىن كەلگەن ئىماملار مۇسابىقىنى كۆردى.ئاخىردا رەھبەرلەر مۇكاپاتلانغانلارغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە ماددىي بويۇم تارقىتىپ بەردى. **(ئوسمان تۇرسۇن)**

www.uyghurkitap.com



## جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ 2001-يىللىق شىنجاڭ تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىزامنامىسى

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان ، ئىسلام دىنى خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي ئالىي مەكتەپ.

**1. تەربىيلەش نىشانى:**

ۋەتەننى، دىنىنى سۆيىدىغان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى ئىسلام دىنى بىلىمى ۋە ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ياش دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**2. ئوقۇش مۇددىتى:**

ئوقۇش مۇددىتى بەش يىل. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بىرىنچى يىلى سىناق ئوقۇشتا ئوقۇيدۇ ھەممە مەخسۇس خەنزۇ تىل-يېزىقى ئۆگىنىدۇ، سىناق ئوقۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەر تەرەپتىن سىناق ئېلىنىدۇ. دىنىي پائالىيەت، ئۆگىنىش نەتىجىسى، ئىدىيىۋىي پەزىلەت قاتارلىق جەھەتلەردە لاياقەتلىك بولغۇچىلار داۋاملىق مەكتەپتە قېلىپ ئوقۇيدۇ، لاياقەتلىك بولمىغانلار ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇلىدۇ.

**3. ئوقۇشقا تىزىملاتقۇچىلارنىڭ شەرتلىرى:**

1) پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىدىغان، ۋەتەننى-دىنىنى سۆيىدىغان، ئىستىلى دۇرۇس بولۇش؛

2) دىنىي ئېتىقادتا ئىخلاسمەن ھەمدە ئىسلامىيەت ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنىشقا ئىرادە تىكلىگەن بولۇش؛

3) تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ( ياكى شۇ سەۋىيىدىكى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە) ۋە نەچچە يىلدىن بېرى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن بولۇش؛

4) يېشى 19 ياشتىن 22 ياشقىچە (1979-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 1982-يىل 8-ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا تۇغۇلغان)، بەش ئەزايى ساق، تېنى ساغلام، توي قىلمىغان مۇسۇلمان ئوغۇل بالا بولۇش؛

5) ئالىي مەكتەپلەردە ( جۈملىدىن دىنىي ئالىي مەكتەپلەر ۋە تېخنىكوملاردا) ئوقۇۋاتقانلار تىزىمغا ئالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

**4. قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچى سانى:**

بۇ نۆۋەت 25 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ، بۇلاردىن ئۇيغۇرچە بىلىدىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن 20 نەپەر ۋە ئۇيغۇرچە بىلىدىغان خۇيزۇ، سالار، دۇڭشياڭ قاتارلىق مىللەتلەر ياشلىرىدىن بەش نەپەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

**5. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش چارىسى:**

1) ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەۋسىيە قىلىپ كۆرسىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا تىزىمغا ئالدۇرۇشقا بولىدۇ.

2) تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتىدا تۆۋەندىكىلەرنى تاپشۇرۇش كېرەك:

(1) ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسىنىڭ كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىسى ( مائارىپنى باشقۇرۇش تارماقلىرى تارقاتقان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ياكى شۇ دەرىجىدىكى ئوقۇش تارىخى گۇۋاھنامىسىنىڭ كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىسى)؛

(2) كىملىك ( سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى) نىڭ كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىسى؛

(3) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەۋسىيە قىلىپ كۆرسەتكەن خېتى؛

(4) ئىمتىھانغا قاتنىشىشقا تىزىملىتىش توغرىسىدا ئۆزى يازغان ئىلتىماس ( جۈملىدىن ئۆزىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، ئائىلە ئەھۋالى، تەپسىلىي ئادرېسى، پوچتا نومۇرى قاتارلىقلارمۇ يېزىلغان ئىلتىماس ) ۋە يېقىن ئارىدا يالاڭباش چۈشكەن بىر سۇڭلۇق رەسىمدىن ئىككى پارچە ؛

(5) ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىنىڭ سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش ئىسپاتى؛

(6) يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان نەتىجىسى ؛

ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلار تىزىملىتىشقا بېيجىڭغا كەلمىسىمۇ بولىدۇ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماتېرىياللارنى 2001-يىلى 6-ئاينىڭ 10- كۈنىگىچە ( پوچتا تامغىسىدىكى ۋاقىت ئۆلچەم قىلىنىدۇ) ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 3-باشقارمىسىغا

بىۋاستە يولـلاپ بەرسە بولىدۇ. مەكتىپىمىز تىزىملاتقۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتكەندىن كېيىن، ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئىجازەتنامىسى ئەۋەتىدۇ، ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلار بۇ ئىجازەتنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بەلگىلەنگەن ئىمتىھان مەيدانىغا بېرىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ ۋە 50 يۈەن تىزىملىتىش پۇلى تۆلەيدۇ.

3)ئىجازەتنامە ئالغان شەخسلەر جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىدۇ. ئىمتىھان ئېلىنىدىغان تۈرلەر: ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى، تارىخ-جۇغراپىيە، سىياسەت، ئىسلام دىنى ئاساسىي بىلىملىرى، خەنزۇ تىل-يېزىقىدىن ساۋات (بۇنىڭ نەتىجىسى پەقەت پايدىلىنىشقا لازىم، ئومۇمىي نەتىجىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ). بۇ ئىمتىھانلاردىن سىرت، ئايرىم-ئايرىم يۈز تۈرانە سوراپ سىناق ئېلىنىدۇ (ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى، تارىخ-جۇغراپىيە، سىياسەت دەرسلىرىنىڭ ئىمتىھان ئېلىش دائىرىسى مەملىكەتلىك جوڭلار ئالىي مائارىپى ئىمتىھانىنىڭ دائىرە مەزمۇنى بويىچە بولىدۇ). ئىمتىھان مەزگىلىدىكى بېرىش-كېلىش، ياتاق، تاماق راسخوتلىرىنى شەخسلەر ئۆزى تۆلەيدۇ. ئىمتىھان ئېلىش ۋاقتى 2001-يىل 8-ئاينىڭ باشلىرى بولىدۇ، كونكرېت ۋاقتى ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئىجازەتنامىسىدىكى ۋاقىت بويىچە بولىدۇ.

4) مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيال-گۇۋاھنامىلەرنى ئۆزگەرتكۈچىلەر، ساختا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

5) قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا دارىلفۇنۇنىمىز قوبۇل قىلغانلىق چاقىرىقنامىسى ئەۋەتىدۇ.

**6.مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر ئىمزالايدىغان كېلىشىم:**

قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار بېيجىڭغا كېلىشتىن ئاۋۋال ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر ئىمزالىشىدىغان كېلىشىمنامىغا قول قويۇشى ۋە بۇ كېلىشىمنامىنى ئېلىپ جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى لازىم.ئۆزىنى مەلۇم قىلغان چاغدا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر ئىمزا قويغان ۋە تامغا باسقان كېلىشىمنامىنى ئېلىپ كەلمىگۈچىلەرنى دارىلفۇنۇنىمىز قوبۇل قىلمايدۇ.

**7. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى تەمىناتى:**

1 )ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش داۋامىدا ئوقۇش پۇلى تۆلىمەيدۇ؛دارىلفۇنۇنىمىز ئوقۇغۇچىلارغا ھەقسىز ياتاق تەمىنلەيدۇ؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك لازىمەتلىكلىرىگە ئوقۇغۇچىلار ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ؛ مەكتەپ ئۇلارغا مەلۇم ساندا تاماق ياردەم پۇلى بېرىدۇ، تاماق پۇلىنىڭ قالغان قىسمىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ؛

2) ئوقۇش داۋامىدىكى ھەر خىل دەرسلىك ۋە كونسپېكلارنى مەكتەپ تەمىنلەيدۇ، ئۆگىنىشكە لازىملىق باشقا نەرسىلەرگە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدۇ؛

3) دارىلفۇنۇنىمىزدا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، ھەر ئوقۇش يىلى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە،ئەخلاق-پەزىلىتى، ئۆگىنىش نەتىجىسى، دىنىي پائالىيەتلەر سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نەتىجىسىگە قاراپ، پەزىلەت ۋە ئۆگىنىش جەھەتتە ئەلا بولغۇچىلارغا مەلۇم مىقداردا ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىلىدۇ.

4) ئوقۇش مەزگىلىدە ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم مىقداردا داۋالىنىش پۇلى بېرىلىدۇ.


5) قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كېلىش راسخوتى ۋە مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى قايتىش راسخوتىغا مەكتەپ مەسئۇل بولىدۇ. ئوقۇش ئارىلىقىدىكى تەتىل ۋاقىتلىرىدا ئۆيىگە بېرىپ كەلگۈچىلەرنىڭ يول خىراجىتىگە ئوقۇغۇچىلار ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.

**8. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى تەقسىمات:**

1) بەش يىللىق ئوقۇشى تاماملىنىپ، ئىمتىھاندىن لاياقەتلىك ئۆتكۈچىلەرگە مەكتەپ تەرىپىدىن ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ.

2) نىشانلىق تەربىيىلەش، '' قەيەردىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە قايتىش'' پرىنسىپى بويىچە، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى مەسئۇل بولىدۇ؛ ئوقۇغۇچىلار ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەك.


جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى



قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ 20-ئەسىردىكى كۆلەملىك زور رېمونت قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

## «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە دىن لۇغىتى» نەشردىن چىقتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ژۇرنىلىمىزنىڭ باش مۇھەررىرى، ئىسلام تەتقىقاتچىسى شەمشىدىن ھاجى مەھمۇدى ئۇزاق يىللىق ئەجىر بىلەن تۈزۈپ چىققان 26 مىڭ ئاتالغۇلۇق « خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە دىن لۇغىتى»2000-يىل 12-ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن رەسمىي نەشردىن چىقتى. بۇ لۇغەت « دىن لۇغىتى»، «ئىنگلىزچە-خەنزۇچە، خەنزۇچە-ئىنگلىزچە دۇنيا دىنلىرى لۇغىتى»، « جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»، « ئەرەبچە-خەنزۇچە لۇغەت»،«پارسچە-خەنزۇچە لۇغەت»، «بۇددا دىنى لۇغىتى»، «خىرىستىئان دىنى لۇغىتى»، «يولچىلىق دىنى لۇغىتى»، «ئىنگلىزچە برىتانىيە قامۇسى» ۋە «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايتىرى سىمىت»قاتارلىق ئەسەرلەردىكى دىنىي ئاتالغۇلار، جۈملىدىن دۇنيادىكى ئاساسلىق دىنلار ۋە يەرلىك ( مەھەللىۋىي)، مىللىي دىنلار، دىنىي چۈشەنچە، ئۆرپ-ئادەت، ئىدىئولوگىيە قاتارلىق 68 ساھەدىكى ئاتالغۇلار، ئاپتور «ئىنگلىزچە ئىسلام دىنى تارىخى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى، «جۇڭگودىكى ئاز دىنىي چۈشەنچىلىرى» تەھرىرلەش داۋامىدا شۇنداقلا، ئاپتور نەچچە دىنشۇناسلىق ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئاتالغۇلار كىرگۈزۈلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي نەزەردە تۇتۇلۇپ، لۇغەتكە 70پىرسەنتىنى ئىسلام دىنى ئىشىنىمىزكى، بۇ لۇغەت خادىملىرى ۋە ئىشلار كەسپى قاندۇرۇش، دىن ۋە دىنىي قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە سانلىق مىللەتلەرنىڭ قاتارلىق ئەسەرلەرنى ھازىرلىغان دىنىي ئاتالغۇلار، ئون يىلدىن بېرى ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي داۋامىدا توپلىغان دىنىي بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىدا ئورۇنىدا تۇرۇدىغانلىقى كىرگۈزۈلگەن ئاتالغۇلارنىڭ ئاتالغۇلىرى ئىگىلىگەن. دىنىي -مىللىي خىزمەت تەرجىمانلارنىڭ دىنىي دائىرىسىدىكى ئېھتىياجىنى خىزمەت ئاتالغۇلىرىنى تېگىشلىك رول ئوينايدۇ.





ژۇرنىلىمىزنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ بەش
يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، تەھرىر بۆلۈمىمىز
مۇشتەرىلىرىمىزگە، ئاپتورلىرىمىزغا، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە
ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارغا قىزغىن سالام يوللايدۇ.
ئىنشائاللاه، ژۇرنىلىمىزغا داۋاملىق مۇشتەرى بولغايسىلەر!




ISSN 1007-5836

9 771007 583001 03>

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» 《中国穆斯林》(维吾尔文版)

2001-يىل 1-سان (ئومۇمىي 58-سان) 2001 年第一期(总 58 期)

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B
刊号：

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ 公开发行
باھاسى: 4.00 يۈەن 定价 4.00元